بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

# ئادىل پادىشاھ

# 义帝

Adil padishah



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ئادىل پادىشاھ

# 义帝

Adil padishah

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

بلقۇت باللار چۆچەكلرى

# ئادل پادشاه

# 义帝

# Adil padishah



شنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرياتى

新疆电子音像出版社

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊，伊尔夏提（书法家），伊利亚尔（画家）
　　　　　马合木提江（画家）
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بولىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن - تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان چۆچەكلەردىن

www.uyghurkitap.com



تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» — چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


پادىشاھلار ھەققىدە ........................................ 1
تەدبىرلىك پادىشاھ ............................................ 5
پادىشاھنىڭ ئاقساقال تەيىنلىشى ............................ 33
پادىشاھ بىلەن قىزىقچى ........................................ 38
پادىشاھ ھوشيار ................................................ 42
ئادىل پادىشاھ .................................................. 53
پادىشاھ بىلەن باغۋەن .......................................... 58
پادىشاھنىڭ ھېكايە خۇمارى ................................... 62

www.uyghurkitap.com

# پادىشاھلار ھەققىدە

خەلقىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە پادىشاھلار نېمە دېسە گېپى ئۆتىدىغان، ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان ئالىي ھۆكۈمرانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە پادىشاھلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ئىنتايىن كۆپ. ئەلۋەتتە، پادىشاھلارنىڭ بەزىلىرى ئەقىللىق، دانا، ئادالەتپەرۋەر بولسا، بەزىلىرى ئەقىلسىز، دۆت، ئاچ كۆز ۋە زالىمدۇر. پادىشاھلارنىڭ مانا مۇشۇنداق خۇي-پەيلى چۆچەكلەردە ئەينى ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.



مۆھتەرەم بوۋاينىڭ قەدىمدە ئۆتكەن پادىشاھلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ شۇ مەملىكەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغان شاھلارنىڭ ئۆمرىنىڭمۇ ئۇزۇن، دۆلىتىنىڭ زىيادە بولغانلىقى؛ ئەكسىچە زالىم،

ئاچ كۆز پادىشاھلارنىڭ بولسا ھالاكىتىنىڭ ناھايىتى تېز بولىدىغانلىقى تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت ئىدى. پادىشاھلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە ياخشى خۇي، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، ئەدلى-ئادالەتتىن ئۈنۈملۈك تەربىيە بەرگىلى بولاتتى.

مۇھتەرەم بوۋاي بىر مەزگىل دېلىغۇل بولغاندىن كېيىن، بىلقۇتجانغا پادىشاھلار ھەققىدە تەربىيە بېرىشنىڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆزى بىلىدىغان چۆچەكلەرنى پىششىقلاپ، بىلمەيدىغانلىرىنى توپلاپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ تۇردى. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە پادىشاھلار قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ ئادەم ئىدى، ئەمما مۇھتەرەم بوۋاي پادىشاھلاردىن ئىبارەت بۇ دائىمىي ئوبرازلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بىلقۇتجانغا ناھايىتى كۆپ تەربىيە بېرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى.

بىلقۇتجان بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، ئادىتى بويىچە بوۋىسى بىلەن مومىسىغا سالام بېرىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنچە، بىر ھازاغىچە چىقمىدى. مۇھتەرەم بوۋاي ئۇنى خېلى ساقلاپ باقتى، ئەمما بىلقۇتجاننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئىچى پۇشقان بوۋاي بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كەلدى.



— بوۋا، بىرەر ئىش

بارمىدى؟ ــ دېدى بىلقۇتجان.

ــ نېمە بولدى ساڭا؟ ئەجەب چۆچەكنىڭ جېدىلىنى قىلىپ ـ مۇ قويمايسەنغۇ؟

بىلقۇتجاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

ــ بوۋا، مەن بايا قارىسام ئېغىر خىيال بېسىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىكەنسىز، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بۈگۈنچە چۆچەك جېدىلىنى قىلماي دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

مۆھتەرەم بوۋاي جىددىي تۇستە:

ــ ئەخمەق بالا، ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكنى ئېچىمدە پىششىقلاۋاتقىنىم ئۇ! ــ دېدى.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ بويىنىغا ئامراقلىق بىلەن ئېسىلىپ ئەركىلەپ تۇرۇپ:

ــ جېنىم بوۋا، ماڭا بۈگۈن قانداق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بۈگۈن پادىشاھلار ھەققىدە چۆچەك ئاڭلايسەن!

ــ پادىشاھلار؟... ۋايجان...

ــ ساڭا بۈگۈن پادىشاھلار ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرد ـ مەن، ــ دېدى بوۋاي قىز ـ غىنلىق بىلەن، ــ ئاڭلاپ تەسىرلەنگىنىڭدىن ياش تۆكمىسەڭ ھېساب ئەمەس!



ــ مەن پادىشاھلارنى

ھە دېسە ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەي «جاللات!» دەپ ۋارقىرايدى-غان، كەلسە-كەلمەس ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىلەردىن دەپ بىلىمەن. ئۇلار ھەققىدىمۇ تەسىرلىك چۆچەكلەر بارمۇ بوۋا، بۇنىڭ-غا تازا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى بىلقۇتجان.

— بار-بار... ئىشەنمىسەڭ ئاڭلاپ باق! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ۋە تەدبىرلىك پادىشاھ ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلىۋەتتى.



# تەدبىرلىك پادىشاھ

بىر ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ مەملىكەتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇقرالىرى ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ناھايىتى بەختلىك ھەم خۇشال ـ خۇرام كۈن كەچۈرىدىكەن. شۇڭا خەلق پادىشاھقا «ئادىل پادىشاھ» دەپ نام بەرگەنىكەن.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىغا ھەۋسى كېلىپ: مەن شۇنداق بىر ئادىل پادىشاھ ئىكەنمەن، زادى مېنىڭ ئۈستۈمدىن يامان دەپ شىكايەت قىلىدىغانلارمۇ بارمىدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پۇقراچە ياسىنىپ، ئاخشىمى شەھەرگە كىرىپ، ئادەملەر كۆپرەك توپلاشقان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما پادىشاھنى يامان دەيدىغان بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىيالماپتۇ. بۇنىڭغا قانائەتلەنمىگەن پادىشاھ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تىڭشاپ بېقىپتۇ. ئۇ جايلاردىمۇ پادىشاھ ھېچبىر يامان گەپ ـ سۆز ئاڭلىماپتۇ، ئاخىرى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يالغۇز تۇرغان بىر ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە بارسا، دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى موماي: «مەزىنىنىڭ جېنى چىقسا، پادىشاھ يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئېتى پۈتلىشىپ پۇتى سۇنسا» دەپ نالە قىلىپ، يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئوردىسىغا قاراپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن پادىشاھ ھېلىقى مومايىنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئاخشامقى ئۈچ تۈرلۈك گېپىنىڭ مەزمۇنىنى سوراپتۇ. موماي پادىشاھتىن قورققان ھالدا، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— تۇر ئورنۇڭدىن، يىغلىما. بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ. موماي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يالغۇز بىر موماي. مېنىڭ ئېرىم يوق ياكى بىرەر بالا ـ چاقام يوق. ئىلگىرى باينىڭ ئۆيىدىن پاختا ئەكىلىپ ئېگىرىپ، ئازىراقلا ئىش ھەققى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدىم. ئەمما ئۆتكەن جۇمە كۈنى كۈنچىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىر ۋەزىر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئېگىرگەن





بارلىق يىپىمنى ئېلىۋېلىپ،
مېنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ،
كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئېتىنى
قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ
قالدى. ھەر قانچە يالۋۇرسام-
مۇ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى دې-
دى. باي يىپنى دەپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئېيتسام
ئىشەنمەستىن ئۇرۇپ، ئۆيلىرىمدىكى بىر مۇنچە نەرسىلىرىمنى
ئېلىپ كەتتى. بۇ ھەپتە يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن باشقا بىر باينىڭ
ئۆيىدىن پاختا ئەكەلسەم، تۈنۈگۈن، دەل مەزىن جۈمەگە ئەزەن
ئوقۇغان مەزگىلدە، يەنە قارا ئاتقا مىنگەن بىر ۋەزىر كېلىپ يىپ-
نى ئېلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ بايغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي يىغلاپ
ئولتۇرغانىدىم. بۇ قارا ئاتلىق ۋەزىر باشقا كۈندە كەلمەيدۇ، پەقەت
جۈمە كۈنى مەزىن جۈمەگە ئەزەن ئوقۇشى بىلەنلا يېتىپ كېلىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن: «مەزىننىڭ جېنى چىقسا، مېنىڭ يىپىمنى ئېلىپ
كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلغان پادىشاھ يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئېتى
پۇتلىشىپ پۇتى سۇنسا، مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەس ئىدى. يىپىمنى



ئېلىپ كەتمىسە، مەنمۇ
بۇنداق ۋەيران بولماس ئى-
دىم» دېگەن سۆزلەرنى قىل-
غانىدىم، — دەپ سۆزىنى
تۈگىتىپتۇ.
پادىشاھ بۇ ئىشنىڭ تې-

www.uyghurkitap.com





گى - تەكتىگە يېتەلمەي، كېلەركى جۈمە كۈنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ۋەزىرگە بۇيرۇپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنمۇ كەپتۇ. ئەتىگەندە ۋەزىر ئەڭ يۈگۈرۈك ئېتىغا مىنىپ، مومايىنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدىكى بىر كونا ئۆيگە مۆكۈنۈپ ئولتۇ- رۇپتۇ. دېگەندەك، دەل مەزىن جۈمەگە ئەزەن ئوقۇغان مەزگىلدە، كۈنچىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىرسى كەپتۇ - دە، مو- مايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ توختاپ، مومايىنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، ئېگىرگەن يىپلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. موماي ھەر قانچە يالۋۇرسىمۇ «پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» دەپتۇ - دە، باشقا گەپ سۆز قىلماستىن ئېتىغا مىنىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ قويۇندەك چاپتۇرۇپ كې- تىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ئېتىغا مىنىپ كەينىدىن قوغلاپتۇ، لېكىن ئېتىنى ھەر قانچە چاپتۇرسىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى قارا ئاتلىق بىر چۆلنىڭ ئوتتۇ- رىسىدىكى كىچىككىنە بىر كۆلگە كىرىپلا كۆزدىن غا- يىب بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ھەيران بولۇپتۇ ۋە ھېچ ئويلاپ تۇرماستىن ئۆ- زىنى ھېلىقى كۆلگە ئېتىپ-



تۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى ئاجايىپ بىر چوڭ شەھەردە كۆرۈپتۇ. بۇ شەھەر شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، ۋەزىر ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق شەھەرنى كۆرمىگەنىكەن. شەھەر ئىچى پۇتۇنلەي قىزلار بىلەن تولغان بولۇپ، ھېچبىر ئەر كىشى كۆرۈنمىگۇدەك، شەھەر كوچىلىرى شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەنكى، ئەتراپلىرى تۈرلۈك گۈللەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەرمەردىن ياسالغان، ئۈستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن. بۇ ئىمارەتلەر خۇددى كۈن نۇرىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. بۇ جاي سۇ ئاستى پادىشاھلىقى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قىزلىرى ۋەزىرنى كۆرۈشى بىلەنلا ھەيران قېلىپ، دەرھال پادىشانىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. بۇ جاينىڭ پادىشاھىمۇ قىز بولۇپ، بۇنى «قىز پادىشاھ» دەپ ئاتىشىدىكەن.

قىز پادىشاھ ۋەزىرنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھقا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ھەم بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئەمما قىز پادىشاھ بۇ توغرىلىق «كېيىن بىلىپ قالارسىز» دەپتۇ - دە، باشقا گەپ - سۆز قىلماپتۇ. بىر قانچە كۈنلەر مېھمان بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۆزىنىڭ شەھىرىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇ، قىز پادىشاھ:

— سىز بۇ جايغا كەلدىڭىز، بىر قانچە كۈن مېھمان بولدىڭىز، ئەمدى بۇ قىزلارنىڭ بىرىنى تاللاڭ. شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىرگە كېتىڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزىگە بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. زادى قايسى قىزنى تاللىشىنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر قىز پادىشاھنىڭ ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشاھ:

— سىز مېنى خالىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنلىسىڭىز مەن ئۆمۈرلۈك سىزنىڭ بولىمەن. ئەمما شەرتىمنى ئورۇندىيالمىسىڭىز، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى شۇ يەردە كۆرىسىز، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— قانداق شەرت بولسا ئېيتىڭ، قەتئىي ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— مېنىڭ شەرتىم، — دەپتۇ قىز پادىشاھ، — مەن توي بولغان كېچىسى ناھايىتى قاتتىق ئۇخلايمەن. شۇ بىر كېچىدە مېنى ئۈچ قېتىم ئويغىتالىسىڭىز شەرتىمنى ئورۇندىغان بولىسىز. بولمىسا شەرتىمنى ئورۇندىيالمىغان بولىسىز.



بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر: بۇ ھېچقانچە ئېغىر شەرت ئەمەسكەن، ئۇخلىغان كىشىنى ئويغاتماقمۇ تەسمۇ؟

بىر كېچىدە ئۈچ قېتىم ئەمەس، بىر قانچە قېتىممۇ ئويغىتامايمەن-
مۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئىك-
كىسى ئايرىم ياسالغان بىر ئۆيدە قاپتۇ. قىز پادىشاھ بېشىنى
ياستۇققا قويۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر قىز پا-
دىشاھنى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ بېقىپتۇ، قىچىقلاپتۇ،
چىمداپتۇ. قىز پادىشاھ ئويغانماپتۇ. تۈن تەڭ بولۇپتۇ، ئۈچ قې-
تىم تۇرماق بىر قېتىممۇ ئويغىتالماپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر ھېچ
ئىلاج قىلالماي داپ - دۇمباق، كانايلارنى ئېلىپ كىرىپ ئۆي
ئىچىدە قالايمىقان چېلىشقا باشلاپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك
ئاۋازلارغا تولۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك تاۋۇشلار ئاڭلىنىپتۇ. ئەمما
قىز پادىشاھ مىدىر قىلماپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھنىڭ قۇلاق تۈ-
ۋىگە كېلىپ ۋارقىراپمۇ بېقىپتۇ. ئاخىرى پۇت - قوللىرىغا يىڭ-
نە سانجىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. ۋەزىر كېچى-
چە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ھەم ھېچ ئىلاج قىلىپ قىز پادىشاھنى
ئويغىتالمىغانلىقتىن خاپا بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن
كېيىن ۋەزىر ئورنىدىن تۇرسا، ئۆز ئۆيىدە — خوتۇنىنىڭ قې-



شىدا تۇرغۇدەك، دەرھال ئا-
دىل پادىشاھنىڭ قېشىغا
بېرىپ، كۆرگەنلىرىنىڭ
ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ
سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇلارنى
ئاڭلىغان ئادىل پادىشاھ

ھەيران بولۇپ، كېلەركى جۇمە كۈنى ئۆزى بېرىپ بارلىق ئىشنى بىلىپ كېلىشكە قارار قىپتۇ.

كۈتكەن جۇمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ، پادىشاھ تاڭ سەھەر بەلەن كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېتىنى مىنىپ، قېرى موماينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ... ئۇمۇ ھېلىقى قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ۋەزىر ئېيتقانغا ئوخشاشلا ئۆزىنى بىر چوڭ شەھەردە كۆرۈپتۇ. بۇ سۇ ئاستى خانلىقىدىكى قىزلار ئۇنى دەرھال قىز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قىز پادىشاھ ئادىل پادىشاھنى كۆرۈپ، ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇنى ۋەزىرنى مېھمان قىلغاندىنمۇ ئارتۇق مېھمان قىلىپتۇ. ئادىل پادىشاھ قىز پادىشاھتىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، بۇنىڭغىمۇ: «كېيىن بىلىپ قالارسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئادىل پادىشاھ قايتار ۋاقتىدا قىز پادىشاھ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. قىز پادىشاھ ماقۇل بولۇپ ئادىل پادىشاھقىمۇ ۋەزىرگە قويغان شەرتنى قويۇپتۇ. ئادىل پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر كېنىزەك ئادىل پادىشاھقا يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت بېرىپتۇ. ئادىل پادىشاھ بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە: «سىز



قىز پادىشاھنى ئويغىتىش ئۈچۈن ۋەزىرگە ئوخشاش قالايمىقان
ئىشلارنى قىلماستىن، قىز پادىشاھ ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە ئۈچ
قېتىم ھېكايە ئېيتىپ، ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز
سوئال قويۇپ، قەستەنگە خاتا جاۋاب بەرسىڭىز، بۇنى ئاڭلاپ يات-
قان قىز پادىشاھ جاۋابىڭىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئويغىنىدۇ» دەپ
يېزىلغانىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كې-
تىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ، مەخسۇس ياسالغان ئۆيدە ئادىل پاد-
شاھ بىلەن قىز پادىشاھ قاپتۇ. قىز پادىشاھ ياستۇققا بېشىنى قو-
يۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ئادىل پادىشاھ ھېلىقى
كېنىزەكنىڭ خېتىگە بىنائەن ھېكايە ئېيتىپتۇ. ئۇ بىرىنچى
ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى، بىر كىيىم تىككۈ-
چى ھەم بىر موللا بولغانىكەن. بۇ ئۈچ كىشى بىر كۈنى باشقا بىر
يۇرتقا بېرىپ ئوقەت قىلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ يولغا
چىقىپتۇ.

بۇلار يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر
چۆلگە يېتىپ كېلىشىپتۇ، شۇ جايدا كېچە قونۇپ ئەتىسى ماڭ-
ماقچى بولۇشۇپتۇ، ئەمما بۇ
جايدا ياۋايى ھايۋانلار كۆپ
بولغانلىقى ئۈچۈن، كېچىنى
ئۈچى نۆۋەت بىلەن كۆزەت
قىلىپ ئۆتكەزمەكچى بولۇ-
شۇپتۇ. بولۇنغان مەسلىھەت-



كە مۇۋاپىق بىرىنچى قېتىم ياغاچچى كۆزەتكە چىقىپتۇ، ياغاچچى كۆزەتتە بىر ئاز ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەسنەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بىكار ياغاچلارنى يونۇپ، ئۇنىڭدىن تازا كېلىشكەن بىر قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئىككىنچى نۆۋەت كېيىم تىكىدىغان ماشىنىچىغا كەپتۇ. ماشىنىچى ياغاچچىنىڭ قىلغان ئاجايىپ ئىشىغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىدلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىر قۇر كېيىم تىكىپ، ياغاچ قىزغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۆزەتكە موللام چىقىپ قارىسا، بىر چىرايلىق قىز تۇرغان. بۇنى كۆرگەن موللام بىر تۇرۇپ خۇشال بولۇپتۇ، بىر تۇرۇپ قورقۇپتۇ. قىزغا گەپ قىلسامۇ، ۋارقىرىسىمۇ جىم تۇرغۇدەك. تاش ئېتىپمۇ جاۋاب ئالالماي، ئاخىرى قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا، چىرايلىق بىر قىزنىڭ ھەيكىلى. موللام بۇنى ئاۋۋال كۆزەتتە تۇرغان ئىككى ئۇستامنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ قاراپ تۇرغۇسى كەلمەپتۇ. پاكلىنىپ، كالامۇللانى ئېچىپ، ياراتقۇچىغا يىغلاپ مۇشۇ قىزغا جان ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. موللامنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، قىزغا جان كىرىپ، سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئاڭغىچە تاڭ يورۇپ، كۈنمۇ چىقىپتۇ. ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئۇستام ئويغىنىپ، چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ



ھەۋىسى كەپتۇ ۋە بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ يالغۇز ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كەپتۇ، ئەمما بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەمگەك سىڭدۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ياغاچچى بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ:

— بۇ قىز جەزمەن مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاۋۋال مەن ياغاچتىن قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياسىمىغان بولسام، ھېچقايسىڭلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ. ماشىنىچى:

— مەن، سەن ياسىغان ياغاچلارغا كىيىم كىيگۈزۈپ ئادەم سىياقىنى بەردىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ. ئاخىرىدا موللام سۆزگە تۇرۇپتۇ:

— سىلەرنىڭ قۇرۇق ياغىچىڭلار بىلەن لاتا-پىتەڭلار ھېچنەرسىگە كېرەككە كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ جېنى يوق. مەن موللاملىق سۈپىتىم بىلەن تىلەپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدۇم. شۇڭلاشقا قىزدا ھېچقايسىڭلارنىڭ ھەققى يوق.

ئادىل پادشاھ بىرىنچى ھېكايىسىنى ئەنە شۇنداق تۈگىتىپتۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇنداق بولسا، بۇ قىز مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ بولۇشى كېرەك؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ ھەم ئۆزى: «بۇ قىز موللامنىڭ بولۇشى كېرەك» دەپ توختاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادشاھ كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ:



— ياق، خاتالاشتىڭىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىز ياغاچچىنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ دەسلەپتە ھەيكەل ياسىمىغان بولسا، بۇنىڭغا ھېچقايسىسىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى، — دەپ تۈزىتىش بېرىپ، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئادىل پادىشاھ قىزنى بىرىنچى قېتىم ئويغىتالىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي كىشى ئۆتكەنىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى باي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي خوتۇنىمۇ ئۆلۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى يېتىم قاپتۇ. بۇ بالىلار ئانا ـ ئانىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ: بىزدەك يېتىم بالىلارغا بۇنداق ئاتا ـ ئانىمىز يوق شەھەردە ياشاش لايىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ياشىغىنىمىز ئەۋزەلرەك، دېگەن خىيال بىلەن مال ـ دۇنيالىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇلار كۈنلەپ، ئايلاپ مېڭىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى ئاچا يولغا يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئارىدا بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاكىسى چوڭ بىر شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي مال ـ دۇنيالىرى تۈگەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئې-



غىرچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن: نېمە بولسىمۇ بولسۇن، ئۇكامنى ئىز- دەپ تېپىشىم كېرەك، دېگەن خىيال بىلەن بۇ شەھەردىن ئايرى- لىپ، ئاۋۋالقى ئاچا يولغا كېلىپ، ئۇكىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر قانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردىمۇ قەلەندەرچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇكىسى بولسا ئاكىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈ- زۈشكە باشلاپتۇ، مال - دۇنياسى ئاۋۋالقىدىن بىر قانچە ھەسسە كۆپىيىپتۇ، بالا - چاقىلىقمۇ بوپتۇ. ئۇكىسى بىر كۈنى شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، ئاكىسىنىڭ جۇل - جۇل ئەسكى كىيىملەر بىلەن نان تىلەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئاكىسىنى دەرھال چاقىرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئىككىسى يىغلاپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇكىسى ئاكىسىغا:

— مېنىڭ ئۆيۈم شەھەر تېشىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا، سىز ھازىر تارتىنماي دەرھال مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ. ئۆيدە خوتۇن - بالىلىرىم بار. ئۇلار سىزنى كۆرگەندە مېنىڭ ئاكام ئى- كەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن كەينىڭىزدىنلا يېتىپ بارى- مەن، — دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ.



ئاكىسى بىر تۇرۇپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، بىر تۇرۇپ ئو-
ڭايسىزلىنىپتۇ. ئاخىر بىر تۇغقان ئۇكام بولغاندىكىن ئۆيگە
باراي، دەپ ئويلاپ، ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇكىسى
بولسا ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىدىن سورىسا، بۇ
جايغا باشقا كىشىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. تاشقىرىغا چى-
قىپ شەھەرنى ئىزلەپ تاپالماي يەنە قايتىپ كەپتۇ - دە، خوتۇنى-
غا تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇپ، بىر ئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇ-
رۇپ قاپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئاكىسى كەلگۈدەك بولسا ناھايىتى چىراي-
لىق بىر ئىمارەت تۇرغۇدەك. ئۇ «مەن بۇ ئەسكى كىيىملەر بىلەن
ئۆيگە كىرسەم، ئۇكام بولسىغۇ بولدى، ئەگەر بولمىسا، باشقا كى-
شىلەر مېنى سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم، ئوغرىمۇ؟ دەپ ھويلىدىن
قوغلاپ چىقارسا نېمە قىلارمەن؟ ئۇنداق ئىزا تارتىپ يۈرگەندىن
ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ھويلىنىڭ تېشىدا ئۆزىنى ئۆزى
پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇ-
كىسى، ئاكام كەلگەن بولسا كىرەلمەي يۈرمىسۇن دەپ، تاشقىرىغا
چىقىپ قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا ئاكىسىنىڭ بېشى كېسىك ھالدا
ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ،
يىغلاشقا باشلاپتۇ ھەم ئۆز -
ئۆزىنى ئەيىبلەپ: مەن نېمە
ئۈچۈن ئاكامنى شەھەردە
كۆرگەن چېغىمدىلا ئۆيگە
باشلاپ ئەكەلمىدىم ياكى
دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇر-





مىدىم. ئاكام ئۆيۈمگە كەرىشكە خىجالەت بولۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاكامسىز بۇ دۇنيادا مېنىڭمۇ ياشىشىمنىڭ لازىم بارمۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بويىنىنى ئۆزى قىلىچ بىلەن كېسىۋېتىپتۇ.

بىر چاغدا ئۇكىسىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى ئىزلەپ تاشقىرىغا چىقسا، دەرۋازا ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ بېشى كېسىلگەن هالدا ياتقۇدەك، ئايال ئېرىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ هەم كېسىلگەن بۇ باشلارنى تەنگە چاپلاپ قويۇپ، ياراتقۇچىغا نالە قىلىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئايالنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، بۇ ئىككى بىر تۇغقانغا جان كىرىپ مىدىرلاشقا باشلاپ، ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ئەمما ئايال باشنى چاپلىغان ۋاقىتتا دىققەتسىزلىك بىلەن ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئۇكىسىنىڭ تېنىگە، ئۇكىسىنىڭ بېشىنى ئاكىسىنىڭ تېنىگە چاپلاپ قويغانىكەن.



ئۇنداقتا، «بۇ ئايالنىڭ ئېرى زادى قايسىسى بولۇشى كېرەك؟» دەپ ئادىل پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ - دە: «بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان



تېنى بولۇشى كېرەك» دەپ
جاۋاب بېرىپ، ھېكايىسىنى
تۈگىتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتىدا
قىز پادىشاھ كۆزىنى ئې-
چىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ياق، خاتالاشتىڭىز،
ئۇنداق قىلسا، ئۇ ئىككىسى
بىر تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن راۋا بولمايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى
ئاكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان، ئۇكىسىنىڭ تېنى بولۇشى كېرەك،
— دەپ تۈزىتىش بېرىپتۇ ـ دە، يەنە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاشقا
باشلاپتۇ.

ئادىل پادىشاھ بولسا قىز پادىشاھنى ئىككىنچى قېتىممۇ
ئويغىتالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە،
ئۈچىنچى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بو-
لۇپ، بۇلار بىر ـ بىرسىگە ناھايىتى ئوخشىشىدىكەن. يېشىمۇ
ئانچە پەرق قىلمايدىكەن، بىر قېتىم كۆرگەن كىشى بۇلارنى ئاز-
چە پەرق قىلالمايدىكەن. با-
تۇرلۇقتا ئۇكىسى ئاكىسى-
دىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن.
ئۇلار چوڭىيىپ بالاغەتكە
يېتىپ قاپتۇ، لېكىن پادى-
شاھنىڭ قول ئاستىدىكى





يۇرت ئىچىدىن بۇ ئىككى ئوغۇلغا لايىق تېپىلماپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىككى يىگىت مەسلىھەتلىشىپ، باشقا يۇرتقا بېرىپ لايىق تېپىپ كەلمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما ئىككىسى بىللە بارماستىن، ئاۋۋال ئاكىسى بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇكىسى بېرىشقا قارار قىلىپتۇ. پادىشاھ نۇرغۇن تەييارلىقلار بىلەن ئاكىسىنى يولغا سېپتۇ. ئاكىسى بىر كۈنلۈك يولغا بېرىپ كەينىگە قارىسا، ئۇكىسىنىڭ قىلىچ ئويىنىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ تۇرۇپتۇ. ئۇكىسى يېتىپ كېلىپ ئاكىسىغا:

— ئاكا، بىر ئىش ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. سىزنىڭ قىلىچ غىلىپىڭىز مەندە قالسۇن. مېنىڭ قىلىچ غىلىپىمنى سىز ئېلىپ كېتىڭ، ئەگەردە قايسىمىز خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقساق، قىلىچ غىلىپىمىز لىق قانغا تولىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتدا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەمگە بارايلى، — دەپتۇ.



ئاكىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال قىلىچ غىلىپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇكىسى بولسا ئاكىسىغا ئاق يول تىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ.



ئاكىسى تاغ - جەزىرى-
لەردە قانچە كۈن يول مېڭىپ،
ئاخىرى بىر تاغنىڭ ئارىسى-
دىكى ناھايىتى چوڭ ئۆڭكۈر-
دىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، شۇ جايغا قاراپ مې-
ڭىپتۇ، يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆڭكۈر ئىچىدە ناھايى-
تى چىرايلىق بىر قىز يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك، يىگىت قىزدىن:

— بۇ ئۆڭكۈردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز
تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. يىگىت قىزغا تەسەللى بېرىپ:

— قانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن ئورۇندايمەن، —
دېگەنىكەن، قىز:

— مەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئارزۇلاپ باققان يالغۇز
قىزى ئىدىم، بىزنىڭ شەھەرگە ھەر يىلى بىر ئاپەت كېلىدۇ. ئۇ
بولسىمۇ، مۇشۇ ئۆڭكۈردىكى ئەجدىھاغا ھەر يىلى بىر قىزنى بەر-
مىسە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇ يىل نۆۋەت ماڭا
كەلگىنى ئۈچۈن مېنى ئەجدىھاغا تاشلاپ بېرىشتى، ھازىر ئەجدىھا
ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا كەت-
كەن. كېلىدىغان ۋاقتى بول-
دى. شۇڭا ئۆلۈمدىن قورقۇپ
يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. يى-
گىت:



— سىزنى ئەجدىھاغا



ھەرگىز تاشلاپ بەرمەيمەن.
خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئەج-
دىھانى ئۆلتۈرۈپ سىزنى
ساق - سالامەت ئاتىڭىزنىڭ
قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، —
دەپ قىزنى خاتىرجەملەن-
دۈرسىمۇ، قىز ئانچە ئىشەن-
مەي:

— رەھمەت سىزگە، سىز دەرھال قايتىپ كېتىڭ، ھەر ئىك-
كىمىز ھالاك بولمايلى، — دەپتۇ.

يىگىت بولسا ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قە-
سەمياد قىلىپتۇ ۋە ئەجدىھانىڭ قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىنى
سوراپتۇ. قىز:

— ئەجدىھا كېلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق
چېقىپ، يامغۇر ياغىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىدۇ.
ئۇ شۇ ۋاقىتتا كېلىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت:

— ئۇنداق بولسا مەن بىر ئاز دەم ئېلىۋالاي. سىز ئەجدىھا



كېلىشتىن ئىلگىرى مېنى
ئويغىتىپ قويۇڭ، لېكىن
مەن قاتتىق ئۇخلايمەن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مانا بۇ قىلىچنى
ئوڭ پۇتۇمغا سانجىڭ. شۇ
چاغدا ئويغىنىمەن، — دەپ

www.uyghurkitap.com





قويۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلاپتۇ. قىز يىگىتنىڭ تاپىلىشى بويىچە قىلىچنى ئۇنىڭ پۇتىغا سانجىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىماي، ۋارقىراپ ئويغاتماقچى بوپتۇ. بىراق يىگىتنى ئويغىتالماپتۇ. قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. قىز ئىلاجى قىلالماي ئاخىرى يىگىتنىڭ پۇتىغا قىلىچنى سانجىپتۇ، يىگىت ئويغىنىپ:

— ئەجدىھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ قىز.

يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ ئەجدىھا كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا يىگىتنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، دەم تارتقانىكەن، يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى توغرا تۇتقان پېتى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار شەھەرگە قاراپ مې-



ۋېتىپتۇ. قىزنى كۆرگەن پادىشاھ بىلەن خانىش خوشاللىقىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار ھوشىغا كېلىپ، يىگىتنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، ئالدى بىلەن يىگىتنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاۋۋال ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى كۆرگەن قىز خاپا بولۇپ، دادىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، دادىسى:

— قىزىم، ئەگەر مۇشۇ يىگىت بولمىسا، بىز سېنى نەدىن كۆرەلەيمىز؟ مۇشۇ يىگىت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، سېنى قۇتۇلدۇردى، شۇڭا يىگىت بىلەن ئاۋۋال كۆرۈشتۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەتتە كېچە - كۈندۈز چوڭ توي - مەرىكە قىلىپ، قىزىنى يىگىتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ، يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كېچىسى يىگىتنىڭ كۆزى تامدىكى بىر سۈرەتكە چۈشۈپتۇ - دە، خوتۇنىدىن:

— بۇ قىز كىمنىڭ قىزى؟ ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.



— بۇ سۈرەتتىكى قىز بىزنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماينىڭ قىزى. ئۇ موماي: «كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە، شۇ كىشىگە قى-

www.uyghurkitap.com



زىمنى بېرىمەن. ئەگەر يېڭەلمىسە، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلى-
مەن» دەپ جاكارلىغان. ئەمما بۇ قىزغا قىزىققان نۇرغۇن
پالۋانلار، باتۇرلار بۇ موماي بىلەن چېلىشىپ يېڭەلمىگەن. ئۇلارنى
بولسا موماي ئىتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان يىگىت دەرھال:

— ھە، بۇ قىز مېنىڭ ئۇكامنىڭ لايىقى ئىكەن. مەن موماي-
نى يېڭىپ، قىزنى ئۇكامغا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپ كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى يىگىت خوتۇنىغا ھەم ئوردىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يال-
غۇز ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ
ئۆيىگە قاراپ يول ساپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن مومايىنىڭ ئۆ-
يىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يالماۋۇز موماي:

— ھەي ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ياكى جېنىڭدىن
تويدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما يىگىت پەرۋا قىلماستىن:

— شەرتىڭنى ئورۇنداپ، سەن بىلەن چېلىشىپ، قىزىڭنى
ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى چېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاققىچە
بىر - بىرسىنى يېڭەلمەپتۇ.
بۇ ۋاقىتتا موماي بىر ھىيلە
ئىشلىتىپ:

— ھەي ئادەمزات، ناھا-
يىتى ئۇسساپ كەتتۇق. بىر
قاچا سۇ ئىچىۋېلىپ، ئاندىن



چېلىشايلى، ــ دەپتۇ.

يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپ، كۆلنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ. موماي تۇمشۇقىنى سۇغا چۆكۈرۈپ سۇ ئىچكەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. يىگىت بولسا سۇنى ناھايىتى كۆپ ئىچكەنلىكتىن، پۈتۈن تېنى بوشىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي چېلىشتا يىگىتنى يېڭىۋاپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئاستىنى ئىت، ئۈستىنى ئادەم قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئۇكىسى قىلىچ غىلىپىغا قارىسا، غىلاپ لىق قانغا تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ بىر پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ياردەمگە مېڭىپتۇ. بىر قانچە كۈن يول مېڭىپ، ئاخىرى ئاكىسىنىڭ تۇرغان شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى دەپ ھېسابلاپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. يىگىت بولسا:

ئاكام مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالغان بولۇشى كېرەك، پادىشاھ مېنى ئاكامغا ئوخشىتىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. مەن ئاكامنى تاپىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ-دە، كېچىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ بۇ يىگىتنى تونۇماستىن ئۆزىنىڭ ئېرى دەپ ئىشىنىپتۇ.



بۇ يىگىتنىڭمۇ كۆزى ھېلىقى تامدىكى سۈرەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈپ، بۇ سۈرەتنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، قىز ئاچچىقلاپ: «ئۆتكەندە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىمغۇ» دەپتۇ. يىگىت «ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ» دەپ يەنە بىر سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قىز ئېرىگە سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت: ئۇنداق بولسا ئاكام مۇشۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بېرىمەن دەپ، شۇ مومايىنىڭ ئۆيىدە پالاكەتكە يولۇققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئەتىسى سەھەردە ئېتىغا مىنىپ مومايىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئاكىسى ئاجايىپ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنى كۆرۈپ نا-ھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە موماي بىلەن چېلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆت-مەي، يىگىت مومايىنى يېڭىۋاپتۇ ـ دە، ئاكىسىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈپ بېرىشنى سوراپتۇ، موماي دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئاكىسى-نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپ، قىزنىي يىگىتكە بېرىپتۇ. بۇ ئا-كا ـ ئۇكا ئىككىسى مومايىنىڭ قىزنى ئېلىپ ئوردىغا قاراپ مې-ڭىپتۇ. ئوردىغا بارغاندا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنى پادىشاھمۇ ئاي-رىۋالالماپتۇ. ھەتتا ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ قايسىسى ئۆزىنىڭ ئې-رى، قايسىسى ئېرى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي قاپتۇ.



ئادىل پادىشاھ شۇنداق دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ-تۇ ـ دە، «بۇ خوتۇن ئۆز ئېرىنى قانداق تونۇۋېلىشى كېرەك؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ ۋە ئۆزىگە:

«ئايال ئىككى ئاكا ـ ئۇكىدىن، مېنىڭ ئېرىم قايسىڭلار؟ دەپ سوراپ بىلمۇالسا بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ چاغدا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن قوپۇپ:

— خاتالاشتىڭىز، ئايال كىشىنىڭ ئۇنداق سورىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەم باشقىلار ئاڭلاپ قالسىمۇ ئۇيات. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئايال ئىككى يەرگە ئورۇن هازىرلاپ، بىرىگە ئۆزى ئاۋۋال بېرىپ يېتىشى كېرەك. قايسىسى بۇ ئايالنىڭ ئېرى بولسا، شۇ كىشى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ياتىدۇ، — دەپ تۈزىتىپتۇ

قىز پادىشاھ گېپىنى تۈگىتىپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىز مېنىڭ شەرتىمنى تولۇق ئورۇندىدىڭىز. ئەمدى مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك خوتۇنىڭىز بولىمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئادىل پادىشاھتىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، قىز پادىشاھ:

— مەن سىزنىڭ ئادىل، ھەققانىي ئىكەنلىكىڭىزنى ئەزەلدىن بىلەتتىم، شۇنىڭ ئۇچۇن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۆز كېنىزىكىمنى ۋەزىرچە ياساندۇرۇپ، يەر ئۈستى خانىلىقىغا چىقىپ،



ئاشۇ مومايىنىڭ يېپىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇغان. بۇ ئايالنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ سىزنىڭ ئاخىرى مۇشۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئەمدى ئۇ موماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ يېپىنى ھېچكىم ئوغرىلىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىسى يەر ئۈستى خانلىقىغا چىقىپ تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ھەم يۇرتنى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ھەققانىي سوراپتۇ. پۇقرالارمۇ ئۇلاردىن رازى بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قېرى مومايىنىڭ يېپىنىمۇ ھېچكىم ئېلىپ كەتمەيدىغان بوپتۇ.

چۆچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىلقۇتجان نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن بۇ چۆچەكتىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى ۋە مەھلىيا بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بوۋا، — دېدى ئۇ ئاخىر گەپ تېشىپ، — بۇ چۆچەك ھەقىقەتەن بەك تەسىرلىك ئىكەن. چۆچەكتىكى پادىشاھ تەدبىرلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى ئادىل، ھەققانىي پادىشاھ ئىكەن. پادىشاھنىڭ خەلقىنىڭ دادىغا يېتىدىغان بۇنداق ئالىيجانابلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ يىپ بۇلىغان بۇلاڭچىنى قولىغا چۈشۈرۈشتىكى تەدبىرى، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشى مېنىڭ پادىشاھلار توغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چۆچەكتە ۋەقەلىك ئىچىدىن ۋەقەلىك چىقىرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر-بىرىدىن ئېسىل ئۈچ چۆچەك ئېيتىلىدىكەن، بۇلارمۇ ئىنتايىن تەسىرلىك



ئىكەن. ئاخىر بۇ ئۈچ چۈچەكنىڭ خۇلاسىسى ئادىل پادىشاھنىڭ ئادىل، دانا ۋە تەدبىرلىكلىكى، يېشىلمىگەن سىرلارنى يېشىشى ۋە ئاخىردا مۇراد-مەقسىتىگە يېتىشى بىلەن خۇلاسىلىنىدىكەن.

بىلقۇتجاننىڭ بۇنداق قىزغىن كەيپىياتى مۆھتەرەم بوۋاينىمۇ خېلىلا ھاياجانلاندۇرغان ئىدى. ئۇ تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— ھەي جېنىم بالام! سېنىڭ بۇ چۈچەكتىن ئالغان تەسىراتىڭ خېلىلا چوڭقۇر بوپتۇ. مېنىڭ يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ئورنى بارمۇ؟ بولۇپمۇ سەن پادىشاھلار ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. توغرا، پادىشاھلار بىر مەملىكەتنىڭ رولچىسى، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىۋېتەلەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئادەم، شۇنداق بولغاچقا، كەمچىلىك، خاتالىقلاردىن، ھەتتا غەيرىي مىجەزلەردىن خالىي ئەمەس. بولۇپمۇ چۈچەكلەردە ئۇلارنىڭ ھە دېسە «جاللات» دەپ توۋلىشى، ھە دېسە پالان ئىشنى قىلغانلارغا خەزىنەمنى بېرىمەن، پادىشاھلىقىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپ جاكارلىشى ئادەمگە سەل غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئەمما بەش بارماق تەڭ بولمىغاندەك، دۇنيادا ئەدلى-ئادالەتلىك، ھەققانىي، تەدبىرلىك، ھەر ئىشتا پۇقرانى ئويلايدىغان پادىشاھلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. زالىم، قانخور، ئاچ كۆز، پۇقرانىڭ كۆزىدىن



ياش ئاققۇزۇشتىن، قان تۆكۈشتىن خۇشاللىق تاپىدىغان زالىم پادىشاھلارمۇ ئۆتكەن. ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش دەل شۇ پادىشاھنىڭ تۇتقان يولىغا باغلىق. پادىشاھلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، مەزمۇنى رەڭگارەڭ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-توقاي بولغاچقا، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن كېيىنكى چۆچەكلەرگىمۇ كۆپرەك دىققەت قىل ۋە ئۇلارنىڭ مېغىزىنى چاق، بالام!

— ماقۇل بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي ئىلھامى قايىنىغان ھالدا چۆچەكنى باشلىۋەتتى.



# پادىشاھنىڭ ئاقساقال تەيىنلىشى

بۇرۇن بىر يۇرتنىڭ بىر ئاقساقىلى بولغان ئىكەن. ئۇ، كىشىلەر بىلەن ياخشى چىقىشىدىكەن، پادىشاھنىڭ سېلىقىنى ئورۇنلاشتا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتمايدىكەن، پۇقرالارغا زۇلۇم سالمايدىكەن. شۇڭا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان، يۇرتى گۈلىستان ئىكەن.

بىراق، ئاقساقال تۇخۇمغا ئامراق ئىكەن. ئاقساقالنىڭ بۇ ئادىتىنى ياقتۇرمىغانلار «تۇخۇمنى ئاقساقال يەپ، بىز شاكىلىنى يەمدۇق، يۇرتىمىزدا باش چېكىلىگۈدەك تۇخۇم تاپقىلى بولمايدىغان بولدى» دەپ غوۋغا كۆتۈرۈپتۇ. ئاقساقالنى ئەمەلىدىن قالدۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتقان پادىشاھ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ يۇرتقا يېڭى ئاقساقال تەيىنلەپتۇ.

بۇ ئاقساقالنىڭ توخۇ گۆشى يېمىگۈچە مىجەزى زادى تەڭشەلمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئاقساقال مىجەزىنى تەڭشەيمەن دەپ، بىر يىل ئىچىدىلا يۇرتتىكى توخۇلارنى قويماپتۇ. توخۇ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇرتتا ئاقساقال بولۇپ تۇرماپتۇ.

پادىشاھ ئۈچىنچى بىرسىنى بۇ يۇرتقا ئاقساقاللىققا تەيىنلەپتۇ. «ئۈنىغانغا يونۇغان» دېگەندەك، بۇ ئاقساقال ھەر ئىككىلىسىدىنمۇ بەتتەر چىقىپتۇ. ئۇ ئاقساقال ھەدېگەندىلا ياخشى ئاتلارنى ئۆزىگە توپلاپتۇ. يانچۇقىنى ئويلاپتۇ، جەمەتلىرىنى قوغداپتۇ. خەلققە زۇلۇم ساپتۇ. پۇقرالارغا بەك ھار كەلگىنى بۇ ئاقساقالنىڭ ھەددىدىن زىيادە سوغۇق ئەگىزلىكى بوپتۇ. ئۇ ئاقساقال سوغۇق ئەگىزلىكىنى داۋالاش ئۈچۈن ھەر كۈنى بىردىن قوي سويۇپ، تېرىسىگە ئورىنىپ يېتىپتۇ. يېڭى قوي گۆشىنى پىشۇرۇپ، شورپىسىنى ئىچىپتۇ. ئىككى يىلدىلا بۇ يۇرتنىڭ قويلىرى ئاقساقالنىڭ سوغۇق ئەگىزلىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىپ بوپتۇ. يۇرت نامراتلىشىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئاقساقال خەقنىڭ ھالىغا زادىلا يەتمەپتۇ. بۇ يۇرت خەلقى ئىلاجىسىز ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ كېتىپتۇ. غوۋغا كۆتۈرگەنلەر ئىشنىڭ ئەپلەشمىگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ سېلىقى تۇرماق، ئاقساقاللارنىڭ گېلى ئۈچۈنمۇ ھېچنەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، مەسلىھەت بىلەن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم! تۇخۇم يېگەن ئاقساقال يامان دەپ، ياخشى بىر ئاقساقال تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق. پادىشاھىمىز بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە تە-



يىنلەپ ئەۋەتكەن ئىككىنچى ئاقساقال مىجەزىنى تەكشەيمەن دەپ، غاز، ئۆردەك، توخۇ دېگەننى قويمىدى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى ئاقساقال سوغۇق ئەگىمزىنى داۋالايمەن دەپ، ھەر كۈنى قوي سويۇپ، تېرىسىگە ئورىنىپ، گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ، قوي ئەۋلادىنى قويمىدى. ئاخىرى يۇرت ۋەيران بولدى. خەلق سەرسان بولدى. تۇخۇم يېسىمۇ تۇرمۇشىنى پاراۋان، يۇرتىنى گۈلىستان قىلغان ئاشۇ ئاقساقال تۈزۈك ئىكەن.

پادىشاھ ئۆز تەۋەسىدە ئادالەتنىڭ كەتكەنلىكىنى، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ پادىشاھلىق خەزىنىنى كولاشقا باشلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ ئاخىرى مۇنداق پادىشاھلىقنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن دەپ ئويلاپ، پادىشاھلىقتىن ۋاز كېچىپتۇ. خەلق بىر ئادىل كىشىنى پادىشاھلىققا سايلاپ، قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلاپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— بوۋا، بۇ چۆچەك ئادەمنى بەك قىزىقتۇرىدىكەن، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، — ماڭا خۇددى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ھېكايىلەشتۈرگەندەكلا بىلىنىپ كەتتى. بىرىنچى ئاقساقال تۇخۇمغا ئامراق، ئەمما خەلققە ھەر ھالدا كۆيۈنىدۇ، ئىشلارنى ئادالەت بىلەن بىر



uyghurkitap.com



تەرەپ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تۇخۇمغا ئامراقلىقى بەزى كى-
شىلەرنىڭ دىتىغا سىغماي پادىشاھقا نارازى بولىدۇ، پادىشاھ ئىك-
كىنچى قېتىم تەيىنلىگەن ئاقساقال ئۆردەك، توخۇ گۆشىگە
ئامراق، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ يۇرتنىڭ توخۇ، ئۆردەك-
لىرى قالمايدۇ. پۇقرالار بۇ ئاقساقال ئۇستىدىنمۇ ئەرز قىلىدۇ؛
پادىشاھ ئۈچىنچى قېتىم تەيىنلىگەن ئاقساقال بولسا قوي، ئۆچ-
كە تېرىسىگە ئېلىنىدۇ، گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچمىسە
سوغۇق ئەڭگىزى بېسىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ قوي-كالىلارنى
يەپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالار يەنە ئەرز قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
پادىشاھ دۆلەتتىن بەرىكەت قاچقانلىقىنى سېزىدۇ-دە، تەختتىن
چۈشىدۇ، خەلق ئادىل بىر كىشىنى تەختكە چىقىرىدۇ. بوۋا، بۇ
ۋەقەلىكنى قايسىلا بىر دەۋرگە تەتبىقلىمايلى، خېلىلا ماس كېلىپ
قالىدىكەن. بۇ چۆچەك ھەقىقەتەن رېئاللىقنى جايىدا ئىنكاس قى-
لىدىغان چۆچەك ئىكەن.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ چۆچەك تەھلىل قىلىشقا خې-
لىلا پىشىپ قالغانلىقىغا قايىل بولدى. ئۇ بىلقۇتجاننى باغرىغا
بېسىپ تۇرۇپ:

— جېنىم بالام! سېنىڭ
سەۋىيەڭ خېلىلا ئۆسۈپ
قاپتۇ. سەن ھەتتا چۆچەك-
لەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى
ھازىرقى جەمئىيەتكە باغلى-
يالايدىغان سەۋىيەگە يېتىپ-



سەن. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشقىن! ـــ دېدى.

ـــ سىزمۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق چۆچەكلەردىن ئېيتىپ بې-رىڭ! ـــ دېدى بىلقۇتجان.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن مۆھ-تەرەم بوۋاي بىلقۇتجانغا:

ـــ يەنە بىر قىسقا چۆچەك يادىمغا يېتىپ قالدى. شۇنى ئېي-تىپ بېرەي، ئاڭلاپ باققىن، ـــ دېدى.

بىلقۇتجان باش لىڭشىتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پادىشاھ بىلەن قىزىقچى

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، توخۇ تۈرىنىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشاھ تەختىدە يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىش بىلەن چۈشىنى ئۇنتۇپتۇ. ئىچى پۇشۇپ كۆڭلىگە غەم تولۇپتۇ. بىرەر ھەپتە شۇنداق ئولتۇرۇپتۇ. شاھتىن قورقۇپ ھېچكىم گەپمۇ قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئەلىمىگە چىدىمىغان شاھ باش ۋەزىرنى قىچقىرىپتۇ:

— مېنى قىرىق ئېغىز گەپ بىلەن كۈلدۈرىدىغان ئادەم تېپىپ كەل، ئەگەر ئۇ مېنى كۈلدۈرەلىسە يۈز تىللا بېرىمەن، كۈلدۈرەلمىسە يۈز دەررە ئۇرۇپ زىندانغا سالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر شاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن سۆيۈنۈپ، شەھەر كېزىپ، بىر قانچە قىزىقچىلارنى ئېلىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز-چۆچەكلىرى شاھنىڭ غېمىنى يېنىكلىتەلمەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى يۈز دەررە ئۇرغۇزۇپ، زىندانغا سېپتۇ. باش ۋەزىر قورققىنىدىن يەنە كوچىغا چىقىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرسە بىر گەپچى خەلقنى يىغىپ ھە دەپ كۈلدۈرۈۋاتقۇدەك. قېشىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋەزىرگە غەيرىي تۇيۇلۇپتۇ. ئاخىرى

ۋەزىرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ سۆزمەن كىشىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. سۆزمەن كىشىمۇ ماقۇل بوپتۇ. يولدا كېتىپ بېرىپ، باش ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە: بۇ ئادەم بەك گەپدان كۆرۈنىدۇ، بېرىپلا پادىشاھنى كۈلدۈرسە يۈز تىللا ئىنئام بېرىدۇ، يۈز تىللانىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئېلىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭ ئاۋارە بولغىنىم بىكار كېتەرمۇ؟ دېگەن خىيال كەپتۇ - دە، ئويلاپ مېڭىپ، ئاخىر ئۇنى پادىشاھنىڭ بېرىدىغان ئىنئامىنى تەڭ ئېلىشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ ۋە شۇ غەرەزدە:

— بۇرادەر، سېنى ئوردىغا باشلاشتىن مەقسەت، شاھىمىز ھەپتىدىن بېرى قاتتىق قايغۇدا، ئۇ: «كىم مېنى كۈلدۈرەلىسە ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق ئىنئام بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. قاردسام، سېنىڭ شاھنى كۈلدۈرۈپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەپىڭ بار. ئەگەر شاھنى كۈلدۈرۈپ ئىنئامغا سازاۋەر بولغىنىڭدا ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

— شۇ خەيرخاھلىقىڭىز ئۈچۈن شاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سىزگە بېرەي، — دەپتۇ قىزىقچى.

— ياق، بولمايدۇ، ئۇنداق بولسا ئوردىغا ئۆزۈڭ بار، — دەپ پەش قىلىپتۇ ۋەزىر.

قىزىقچى كۆپ تالاشمايلا:

— خەير مەيلى، مەندىن كەتسە سىزگە كېتىدىكەن، شاھ نېمە ئىنئام قىلسا يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ سۆزدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، قىزىقچىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ پادىشاھقا توغرىلاپتۇ، پادىشاھ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— قېنى، قىزىق گېپىڭنى باشلا! — دەپ قىزىقچىغا قاراپ-تۇ.

قىزىقچى دۇنيادا بار، قۇلىقى ئاڭلىغان، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە قىزىق سۆز، چۆچەك ۋە لەتىپىلەرنى ئېيتىپ ھېرىپ توختاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆلۈش ئورنىغا غەزىپى ئېشىپ، قىزىق-چىغا قاراپ:

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

— تۈگىدى شاھىم، — دەپ بوينىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ قى-زىقچى. پادىشاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— قېنى بۇنىڭ ئەجرىنى بېرىڭلار! — دەپتۇ.

ياساۋۇللار قىزىقچىنى بېسىپ دەررە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپ-تۇ. دەررە ئەللىككە يەتكەندە، قىزىقچىنىڭ يادىغا ۋەزىر بىلەن قىلىشقان شەرتى چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— شاھىم، بىر ئېغىز سۆز يادىمغا چۈشۈپ قالدى، ھېلى ھەم بولسا رۇخسەت قىلسىڭىز، دەپ باقسام، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار قىزىقچىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ.

— قىلە گېپىڭنى!

— شاھىم، — دەپتۇ قىزىقچى، — ماڭا سىلى ھەر قانداق نەرسە ئىنئام قىلسىلا ئۇنىڭ يېرىمىنى جانابى ۋەزىرگە بەرمەكچى بولغانىدىم. ھازىر مەن ئىنئام ئورنىغا يۈز دەررە جازا ئالدىم. بۇ-نىڭدىنمۇ ۋەزىر قۇرۇق قالمىسا، قالغان ئەللىك دەررە ۋەزىرگە بېرىلسە.

شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كې-

تىپتۇ ۋە قالغان دەررىنى ۋەزىرگە بۇيرۇپ، قىزنىقچىغا يۈز تىللا ئىنئام بېرىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي بۇ چۆچەكنى بىر تىنىقتىلا ئېيتىپ تۈگەتتى. بىلقۇتجان چۆچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن:

ــ بۇ قىسقا، ئەمما ناھايىتى بەلەن چۆچەك ئىكەن. گەرچە چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇنى بولمىسىمۇ، پادىشاھلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى بىلىشتە ئەينەكلىك رول ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمگە كۈلكە بېغىشلايدىكەن، ــ دېدى.

ــ بۇ چۆچەكتە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىمۇ يوق. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئۇزۇن توختالساقمۇ بولماس. ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم قانداق؟

ــ ماقۇل، بوۋا!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پادىشاھ ھوشيار

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ھوشيار ئىكەن. پادىشاھ پەرزەنتلىرى توغۇلۇپ ئالتە ئاي بولغۇچە ناھايىتى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، مىجەز - خۇلقىغا قاراپ ئىسىم قويىدىكەن.

پادىشاھ ئۆمرىدە بەش ئوغۇللۇق بولۇپتۇ.

چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئۇشلار، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ياتار، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاتار، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى پاتار، بەشىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ساتار ئىكەن.

ئۇشلار كىشىلەرنى ئورۇنسىز ماختايدىغان ئالدامچى ئىكەن. ياتار ھورۇن ئىكەن، قاتار بىرنى ئىككى دەيدىغان، گەپ قوشۇپ، پىتنە - ئىغۋا تېرىيدىغان ئۆسەكچىكەن. پاتار كىچىك ئىشلارغىچە گەپ تاپىدىغان، كۆزى كىچىك نېمىكەن، ساتار ھەر قانداق ئىشتا پادىشاھنىڭ نامىنى ساتىدىكەن.

پادىشاھ ھوشيار يۇرتنى ناھايىتى ئادىل سورىغاچقا، خەلق ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ پادىشاھ قېرىپتۇ. بەش ئوغۇل بىر - بىرىگە بىلدۈرمەي، پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەردە بولۇپ يۈرۈپتۇ. لېكىن

ئۇلار ئاتىسىدىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئويلىسىمۇ جۇرئەت قىلالماپتۇ.

بىر كۈنى ئۇشلار پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى قۇرۇپ قالـ. غان تېرەككە يېشىل رەڭ سىركەپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ياتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ قوۋزىقىغا سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قاتار ياتارنىڭكىدىن چوڭراق يوپۇرماقـ. لىق نوتىنى سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى پاتار بىر تال يوپۇرماقلىق نوتىنى تېرەكنىڭ ئەڭ ئۈچىغا سانجىپ قويۇپ كېتىپتۇ. بەشىنچى كۈنى ساتار يىلتىزلىق بىر كۆچەتنى ھېلىقى تېرەكنىڭ يېنىغا تىكىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىدىن پادىشاھلىق تەختىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىغا چاقىرىپ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ.

پادىشاھ ئۇشلارنى چاقىرتىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ چوڭ بىر تۈپ توغراقنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتقان تالىپلار: «ئەگەر ئۇستىمىزدىن بىر تال تۇخۇم چۈشسە، نېمىنىڭ تۇخۇمى دەيمىز؟» دەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. سېنىڭچە نېمىنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇشلار:

ــ توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، ــ دەپتۇ. پادىشاھ:

ــ جاۋابىڭ توغرا ئەمەس، ــ دەپتۇ. ئۇشلار:

ــ توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش كېرەك، ــ دەپتۇ. پادىشاھ:

ــ ھەر ئىككى جاۋابىڭ توغرا ئەمەس. توخۇنىڭ ئىگىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېلىپ توخۇيۇم نەگە كەتتى؟ توخۇنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى بە-
لىسەڭ، توخۇيۇمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ دەپ يې-
پىشۋالسا قانداق قىلىسەن؟ توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىش تېخىمۇ
مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئەلمىساقتىن بېرى توغراقنىڭ توخۇم
تۇغقىنىنى كۆرگەن شاھ بولغان ئەمەس، ــ دەپتۇ. ئۇشلار:

ــ ئۇنداقتا، توغرا جاۋابى نېمە؟ ــ دەپتۇ. پادىشاھ:

ــ بۇ جاۋابنى بىلەي دېسەڭ، كۇنچىقىشقا قاراپ ئۈچ كۈن
ماڭساڭ بىر دېھقان بار، شۇنىڭدىن مەدەت تىلە. لېكىن دېھقاننىڭ
شەرتىنى تولۇق قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك، ــ دەپتۇ.

ئۇشلار ھېلىقى دېھقاننى ئىزدەپ شەرققە قاراپ راۋان بولۇپ-
تۇ. ئەتىسى پادىشاھ ياتارنى چاقىرىپ:

ــ بالام، بۈگۈن بىر ئادەم كېلىپ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۇس-
تىدىن بىر مۈشۈك، بىر ئېشەك، بىر تۆگەمنى ئۆلتۈردى، دەپ
ئەرز قىلىپ كەلدى. ئەرز قىلغۇچى پاكىت ئۈچۈن مۈشۈكنىڭ
پۇتى، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى، تۆگىنىڭ تۇمشۇقىنى ئېلىپ كەپتۇ.
بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ــ دەپتۇ.

ياتار ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ زادىلا تاپالماپتۇ.

ــ جاۋابى قانداقتۇر؟ ــ دەپ پادىشاھتىن سوراپتۇ. پادى-
شاھ:

ــ ئۈچ كۈنلۈك غەربىمىزدە سۇلايمان دېگەن ئوتۇنچى بار،
ئۇنىڭ پۈتۈن شەرتىنى ئادا قىلساڭ، ھاجىتىڭ ھەل بولىدۇ، ــ
دەپتۇ.

ياتار غەربكە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ قاتارنى چاقىرىپ:

ــ بالام، جەنۇبىمىزدىكى بىر ئەلدە بىر يولۋاس بولۇپ، ئۇ بەكمۇ يىرتقۇچ ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز كىشىلەرگە تەھدىت سې-لىپ زادىلا ئارام بەرمىگەنىدى. كېيىنچە بۇ يولۋاس زادىلا خىرىس قىلماس بوپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەدبىرى قانداق بولغان؟ ــ دەپتۇ.

قاتار ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ قاتارغا:

ــ ئۈچ كۈنلۈك جەنۇبىمىزدا بالا تەربىيەلەۋاتقان بىر خەل-پەتنىڭ قېيىنىنى ئاسان قىلىپ دۇئاسىغا مۇيەسسەر بولساڭ، زېھنىڭ كامال تاپىدۇ، ــ دەپتۇ.

قاتار جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ پاتارنى چاقىرىپ؛

ــ شىمالىمىزدىكى بىر ئەلدە يۇزمىڭ ئاھالە بولۇپ، بەكمۇ تارقاق ياشايدىكەن. بۇ ئەلدە پەقەت بىرلا تاۋۇز بولۇپ، پادىشاھ ئۇنى تىلىپ پۇقرالارنى تاۋۇز يېيىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. بىرەر ئايدا پۇقرالارنىڭ ھەممىسى كېلىپ كېتىپتۇ. لېكىن تاۋۇز تۈ-گىمەپتۇ. پۇقرالارنىڭ ھېچ قايسىسى تاۋۇز جېدىلى قىلماپتۇ، ھۆكۈمران تاۋۇز يېيىشتە پۇقرالارغا قانداق شەرت قويغان؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

پاتار سوئالنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا، جاۋاب تېپىش ئۈياقتا تۇرسۇن غەمگە پېتىپتۇ. پادىشاھ:

ــ دىيارىمىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك شىمالىغا بېرىپ ئەقىل چوققا دېگەن ئادەمگە بەيئەت قىلساڭ، ئارمىنىڭغا دەرمان بولغۇ-

دەك جاۋابقا ئېرىشسەن، ــ دەپتۇ.

پاتار شىمالغا قاراپ سەپەر قىلىپتۇ.

بەشىنچى كۈنى پادىشاھ ساتارنى چاقىرىپ:

ــ بۈرۈن بىر ئەلدە ئىنتايىن ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئاشلىق پۈتۈنلەي تۈگەپ خەلق ياۋا كۆكتاتلارنى يەپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پەقەت پادىشاھ ئوردىسىدا بىرلا توقاچ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۆزى يېۋىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. بىرەرگە يەڭ ئىچىدە بېرىۋەتسە ئادالەتسىزلىك بولغۇدەك، بۆلۈپ بەرسە ھېچكىم تويمىغۇدەك، شۇ ئەھۋالدا ئۇنى پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى يەپتۇ. پادىشاھ قانداق ئۇسۇل قوللانغان؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ساتار بېشىنى تاتىلاپ، ھېچقانداق جاۋاب تاپالماپتۇ. پادىشاھ:

ــ نېرى تاغقا بارساڭ بىر پادىچى بوۋاي بار. شاھزادىلىك تونۇڭ سېلىنسا، سالىمىڭ ئىلىك ئېلىنسا، جاۋابقا مۇيەسسەر بولالايسەن، ــ دەپتۇ.

ساتار بوۋاينى ئىزدەپ نېرى تاغقا كېتىپتۇ.

پادىشاھ تەمەخور تەختى ۋارىسلارنى كۆزدىن نېرى قىلىپ، پۇقراچە كىيىنىپ، شەھەر ئارىلاپ كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ دىققىتىنى بىر موزدوزنىڭ شاگىرتى جەلپ قىپتۇ.

موزدوزنىڭ ئون نەچچە شاگىرتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىرى يىپنى ناھايىتى پىششىق ئېشىدىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ سەممىي ۋە ئەستايىدىللىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى كۆزد-

تىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە بىرى كېلىپ ھېلىقى شاگىرتقا شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئۇ-يۇقلەرگە ئوت كەتتى» دەپ تۇرۇشىغا، يەنە بىرى كېلىپ «غەربىي دەرۋازىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كەتتى» دەپ-تۇ.

شاگىرت بالا ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرمەي، غەربىي دەرۋازىدى-كى تۇل خوتۇننى قۇتقۇزۇشقا مېڭىپتۇ. ھەممىسىدىن بۇرۇن يې-تىپ بارغان شاگىرت بالا تۇل خوتۇننى ھاپاش قىلىپ، سۇدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بۇ شاگىرتنىڭ باشقىلارغا غەمگۇزار-لىقىدىن تەسىرلىنىپتۇ. شاگىرتنى كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ موزدۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە بىر مۇتتەھەم كېلىپ بۇيرۇتقان ئۆتۈكنى ئېلىپتۇ-دە، پۇل تۆلىمەي مېڭىپتۇ. شاگىرت پۇل تەلەپ قىلسا، مۇتتەھەم، «تۆلىدىمغۇ» دەپ شاگىرتنىڭ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماي كېتىۋېتىپ، تاشقا پۇتلى-شىپ يىقىلىپ قولىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، شاگىرت ئۇنى يۆلەپ ئو-رۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ-دە، سۇنۇقچى چاقىرىپ كې-لىپ تاڭدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ قارنى-كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى، يۇرتنى سوراش-قا قادىرلىقىنى مۆلچەر قى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىپ، ئەتىسى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن، ئۇشلاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ.

شاگىرت:

— توخۇنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بىز توخۇنى كۆرمىدۇق، توخۇنىڭ ئۇۋۇسىز توغراقتا تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس، توغراقنىڭ تۇخۇمى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ئەزەلدىن توغراق توخۇم تۇغقان ئەمەس، بۇ يەردە تۇخۇممۇ مەۋجۇت ئەمەس، «ئەگەر ئۈستىمىزگە تۇخۇم چۈشسە» دېگەن شەرتلا مەۋجۇت، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ياتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ.

شاگىرت:

— ئەرز قىلغۇچى مۇتتەھەم، ئەرز قىلىنغۇچى كىچىك بالىكەن. بالىنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئۆلتۈرۈپ قويغىنى توشقان بولۇپ، توشقاننىڭ پۇتى مۇشۇككە، قۇلىقى ئېشەككە، تۇمشۇقى تۆگىگە ئوخشايدۇ، ئەرز قىلغۇچى مۇشۇ ئوخشاشلىقتىن پايدىلانغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن قاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ.

شاگىرت:

— بۇ ئەلدىكى ھۆكۈمدارلار ئامال بىلەن يولۋاسنىڭ تۈكىنى يېتىشىدىغا سىلىغان. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشنى توختاتقان ياكى ئۇلار باشقا جايدىن



باشقا بىر يولۋاسنى ئەپلەپ ئېلىپ كەلگەن، ئىككى يولۋاس ئۆز ئارا خىرىس قىلىشىپ، ئادەملەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن پاتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ ئەلدە ئاھالە تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئالدىدىكىلەر كېلىپ تاۋۇز يەيلى دېسە، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە، جەم بولغاندا يېگۈلۈك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىلغان، ئالدىدىكىلەر كەينىدىكىلەرنى كۈتۈپ كېتىپ قالغان. كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەر بىلەن جەم بولالمىغان. شۇ سەۋەبلىك تاۋۇز يەنە ئېشىپ قالغان، ھېچكىممۇ تاۋۇز جېدەلى قىلالمىغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاگىرتتىن ساتاردىن سورىغان سوئالنى سوراپتۇ. شاگىرت:

— بۇ بىر توقاچنى پادىشاھ بىر چاقىرىم يەرگە قويۇپ كىم بۇرۇن بارسا ئالسۇن، دېگەن شەرت بىلەن ھەممىنى يۈگۈرتكەن. يۈگۈرتكەنلەرنىڭ پەقەت بىرىلا بىرىنچى بولۇپ بېرىپ توقاچنى ئالغان. قالغانلىرى دەۋا قىلاي دېسە، پادىشاھ ئېلىۋال، دەپ قويۇپ قويغىنى راست، ئالالمىغان گۇناھ ئۆزىدە، شۇڭا ھېچكىم نارازى بولالمىغان، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشاھ شاگىرتنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئېلان چىقىرىپ، ۋەز ئېيتىپ شاگىرتنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپتۇ. ئۆزى كېيىنكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇپتۇ.

بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەش ئوغۇل تەرەپ - تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىدىن پادىشاھلىقنى تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— يېڭى پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈڭلار، بىرەر ھارۋىغا چاق بولۇپ قالساڭلار ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

ئوغۇللار:

— شۇنچە رىيازەت چېكىپ چاق بولىدىغان بولساق، بۇ يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ئىكەن، — دەپ پادىشاھلىق تەمەسىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋاز كېچىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاقىللارنى ئىشقا قويۇش شۇنىڭدىن قالغانمىش.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىلقۇتجانغا قارىدى. بىلقۇتجان ھاياجانلانغىنىدىن ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالغان ئىدى.



— بوۋا، بۇ ھەقىقىي ئەدلى-ئادالەتلىك، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بىر پادىشاھنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن چۆچەك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان ئوتتەك

قىزغىنلىق بىلەن، — پادىشاھ بەش بالىسىنىڭ ئەقلىنى سىناپ، بىرىمۇ لاياقەتلىك بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلنى سورىيالىشىدىن گۇمانلانغان پادىشاھ بىر ھۈنەرۋەنىنىڭ شاگىرتىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. بۇ شاگىرتنىڭ ئەقلىدىلا ئەمەس، ئىش قىلىشتىمۇ ناھايىتى پەملىكلىكى، زىرەكلىكى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغانلىقى، دانالىقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى بىلىپ، ئۇنى قايتا-قايتا سىنىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ بىر پادىشاھقا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ جاسارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇۋا، قەدىمدە مانا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟

— جېنىم بالام! بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇسىدىن ئىبارەت، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي سەمىمىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — قەدىمدىن ھازىرغىچە پادىشاھلىقنى ئۆز ئەۋلادىدىن باشقا بىرىگە ياكى ئۆز جەمەتىدىن باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن پادىشاھ بولغان ئەمەس. بۇ تېما بۇ چۆچەكتە قانداق باش كۆتۈرۈپ قالدى، دېسەك، بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەدلى-ئادالەتكە زىيادە تەلپۈنگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان گۈزەل ئارزۇنىڭ چۆچەك شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ ئىشقا ئارتۇقچە ئىسىلىۋالماي، نەق گەپنى قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ خىل گۈزەل ئارزۇنىڭ كىشىلەردە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇشى، ئەدلى-ئادالەتنى سۆيۈشتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدىغان قاردەك ئاق ۋە سەمىمىي كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چۆچەكنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ئالاھىدە قىممەتلىك دەپ قارايمىز. ھەرقانداق مەملىكەتتە ئادىل ۋە بىلىملىك، ساپالىق بىر ئادەم پادىشاھ بولسا، شۇ مەملىكەت روناق تېپىپ، پۇقرالار پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ چۆچەكنىڭ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ياخشى تەرەپلىرى يەنىلا ناھايىتى كۆپ.

بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي:

— بالام، بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك توختالساق بولار. ئەمدى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ يەنە بىر چۆچەكنى باشلىۋالمىساق بولمىدى، — دېدى.

— بوۋا، قۇلىقىم سىزدە! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ۋەزمىن ئاھاڭدا چۆچەكنى باشلىدى.



# ئادىل پادىشاھ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئېشەككە قۇلاق، قوچقارغا مۈڭگۈز چىقمىغان زاماندا، دەقىيانۇس شەھرىدىن يىراق بىر سەھرايى قىيامەتتە شاكىر ئىسىملىك بىر بالا يالغۇز ئانىسى بىلەن كۈندىلىك يېمىكىنى كۈندە تېپىپ يەپ، سىرىقتال كۈن كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاكىرنىڭ ئانىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قارا خورىزى بار ئىكەن. شاكىر شۇ خورازنى سېتىپ پۇلىغا ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دەقىيانۇس شەھرىگە قاراپ تاڭ قاراڭغۇسىدا يولغا چىقىپتۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، ئەتىسى چاي ۋاقتىدا دەقىيانۇس شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ ـ دە. قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە، بىر دوقمۇشتا خورازنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. خوراز ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ كېتىپ، شۇ كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر باينىڭ قورۇسىدىكى توخۇلارغا ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ باينىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوش يەرنى بىر سودىگەر ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ قېلىپ، بۇ يەردىن قوغلىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ پەيتىنى تاپسىلا بايغا خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇ شۇ كۈنى شاكىرنىڭ خورىزىنىڭ باينىڭ تو-

خۇلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ باينىڭ «ياخشىلىقى»غا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بوپ-تۇ.

شاكىر بىر ھازادىن كېيىن چۆچۈپ ئويغانسا، خورىزى يوق. ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئاخىرى ھېلىقى باينىڭ قورۇسىغا كىرىپتۇ - دە، خورىزىنى تونۇپ تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ. سودىگەر يۈگۈرۈپ كىرىپ شاكىرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە:

— ۋاي تەقسىر...! توخۇغا بۇلاڭچى كەلدى! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ، بايمۇ بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ. سودىگەر باينى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەدەپ:

— قارىسىلا تەقسىر، بۇ قارا خوراز ئۆزلىرىنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئاتامەي، تونۇمىغاندەكلا قارايلىغۇ؟ سىلىنىڭ قارىنىلىرى توق بولغاچقا توخۇلىرىنىڭ رەڭگىرويى ھەم سانىغا دېگەندەك سەپسې-لىپ كەتمىدىلە، پېقىر سىلىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدا دۆلەتلىرى-نىڭ سايىسىدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋاتقىلى نەچچە يىل بول-دى. خۇدا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، مەن بۇ قارا خورازنى بەكمۇ ئوبدان تونۇيمەن، — دەپتۇ ۋە شاكىرغا قاراپ ۋارقىراپتۇ، — ھەي يالاڭ تۆش گاداي، تەقسىرىمنىڭ شۇنچىۋالا مال - دۇنياسى تۇرۇقلۇق سېنىڭ بىر ئورۇق خورىزىڭنى ئېلىۋالامتى؟!

باينىڭ چاكار - دېدەكلىرىنىڭ ھەقنى سۆزلەشكە قۇربى يەتمەپتۇ. بايمۇ بۇ كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئۇ خۇشامەتچىنىڭ تەرىپىنى ئاپتۇ. شاكىر ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇ خۇشامەتچىنىڭ ئىپلاس ئاغزىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېدەل

يوغىناپ ئىش پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ.

شەھەرنىڭ پادىشاھى ئادىللىقتا داڭ چىقارغان بولۇپ، خەلق ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدىكەن. پادىشاھ ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ ئەھۋالنى سوراپتۇ. نۆۋەت بايغا كەلگەندە، ھېلىقى سودىگەر پادىشاھقا يەتتە پۇكلىنىپ تەزىم قىلىپ، شاكىرنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ يوغان توقۇناق باللارنى توقۇپ چىقىپتۇ. ئادىل پادىشاھ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى پەملەپتۇ - دە، شاكىردىن:

— ئوغلۇم، سەن خورىزىڭغا بۈگۈن ئەتىگەن قانداق دان بەرگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاق قوناق، — دەپتۇ شاكىر. ئاندىن پادىشاھ بايدىن سوراپتۇ.

— مېنىڭ توخۇلىرىم ھەر قاچان چار بۇغداي بىلەن بېقىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي كۆرەڭلەپ.

شۇنىڭ بىلەن ئادىل پادىشاھ شۇ مەيداندىلا باينىڭ توخۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، شاكىرنىڭ خورىزى بىلەن بىللە بوغۇزلىتىپتۇ ۋە ھەممىسىنىڭ پوكىنىنى يارغۇزۇپتۇ. دېگەندەك، شاكىرنىڭ خورىزىنىڭ پوكىنىدىن ئاق قوناق، باينىڭ توخۇلىرىنىڭكىدىن چار بۇغداي چىقىپ، ئىش ھەممىگە ئايان بوپتۇ. ئادىل پادىشاھ دەرھال باينىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ يوتا - كاسىسىغا ھەسەل سۇرتۇشنى، ھېلىقى سودىگەرگە ھەسەلنى پاك - پاكىز يالاپ تۈگىتىشنى بۇيرۇپتۇ.

باي خالايىق ئالدىدا ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ۋايىم يەپ، پادىشاھتىن گۇناھىنى تىلەپتۇ، ھەتتا نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالتۇن - كۈمۈش ۋەدە قىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر ئاسمان، يەر - زېمىننى گۇۋاھ قىلىپ مۇنداق ئىشنى قايتا قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. پادىشاھ ھۆكۈمدىن يانماپتۇ. چاپارمەنلەر دەرھال باينى يالىڭاچلاپ، ئۇنىڭ يوتا، كاسىسىغا ھەسەلنى تازا سۈرتۈپتۇ. خو-شامەتچى سودىگەر ھەسەلنى پاك - پاكىز يالاشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئارىلىقتا توختاپ قالسا دەررە يەپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ پاكىز يالاپتۇ، خالايىق ئادىل ھۆكۈمگە تەنتەنە قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈ-شۈپتۇ. پادىشاھ شاكىرغا يېتەرلىك پۇل بېرىپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «يالاقچى» دېگەن سۆز ئەنە شۇ ۋەقەدىن قالغانىكەن.

— بۇ يەنە بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ۋەقەلىكى سۆزلەنگەن چۆ-چەك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تۇ-رۇپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا، قەدىمدە ئادىل پادىشاھلارمۇ خېلى كۆپ ئۆتكەن ئوخشايدۇ.

— شۇنداق، ئادىل پادىشاھلار ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن. ئۇلار-نىڭ ئادالىتىدىن جاھان يورۇپ كەتكەن، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — ئەنە شۇنداق بولغاچقا، دۆلەت تۈزۈلمىسى مۇكەممەللە-شىپ، ھەرقايسى مەدەنىيەت-لىك مەملىكەتلەردە مۇكەم-مەل قانۇن-تۈزۈملەر شە-



كىلىدىغان. دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرى، خەلق تۇرمۇشىغا كىرەكلىك ھەرقايسى كەسىپلەر، پەن تۈرلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا شەكىللەنگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى ئىلىم-پەن دەۋرىمىز مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى بەزى بىلىملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم قەدىمكىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز، قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى ساقلاتمايلا يەنە بىر چۆچەكنى باشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پادىشاھ بىلەن باغۋەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر باغۋەن بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر تاغ ئارىسىدا ياشايدىكەن. ئۇنىڭ چوڭ بىر بېغى بولۇپ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بار ئىكەن، بۇ باغنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم جەننەتنى كۆرگەندەك بولىدىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگراسىنى تازا ئېنىق بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىر ۋە ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر تاغ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ۋەزىر تاغقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا بىر يېشىللىق كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ تەرەپكە ئات سېلىپتۇ. بۇ يېشىللىق ھېلىقى باغۋەن بوۋاينىڭ بېغى ئىكەن. ئۇلار باغنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان باغۋەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بوۋاي بىر ئانارنى سىققان ئىكەن، سۈيى بىر چىنە چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ھوزۇرلىنىپ ئىچىپتۇ. بوۋاي ئۇلارنى باغقا باشلاپ كىرىپ سەيلە قىلدۇرۇپتۇ. پادىشاھ باغ سەيلىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە شىكارغا راۋان بوپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ:

— بۇ باغ ئەجەب گۈزەل ئىكەن. بۇ بوۋاي قايسى پادىشاھقا قاراشلىقتۇ؟ بىز مۇشۇ باغنى ئەپلەپ - سەپلەپ قولغا چۈشۈرسەك

قانداق؟ — دەپتۇ ۋەزىرلىرىگە.

كونا چۇش بولاي دېگەندە ئۇلار يەنە بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بۇ قېتىم ئۈچ دانە يوغان ئانارنىڭ ئارانلا بىر چىنە سۈيى چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋاي، بۇ قانداق گەپ؟ ئەتىگەن بىر كىچىك ئانارنىڭ بىر چىنە ئانار سۈيى چىققان ئىدى، ھازىر ئۈچ چوڭ ئانارنىڭ ئاران بىر چىنە ئانار سۈيى چىقتىغۇ، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بۇ پادىشاھنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ غىڭ - پىڭ قىلالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ باغۋەن بوۋاينى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپتۇ. پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق ئادەملەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باغۋەن بوۋاينى داقا - دۇمباقلار چېلىپ قارشى ئاپتۇ. بوۋاي بۇ يەردە ئوبدان مېھمان بولۇپتۇ. پادىشاھ: ئەمدى مەن بوۋاينى چارباغقا ئېلىپ باراي، ئۇنى مۇشۇ باغنى باشقۇرۇشقا قويۇپ، تاغدىكى بېغىنى قولغا چۈشۈرەي، دەپ ئويلاپتۇ. بىر كۈنى باغۋەن بوۋاي:

— مەن كەلگىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولۇپ قالدى. ئۆي يالغۇز، مەن كېتەي، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بىزنىڭ چارباغنى بىر كۆرۈپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي ماقۇل بولۇپ چارباغدا سەيلە قىلىپ بولۇپ، «ئەمدى، مەن كېتەي» دەپتىكەن، پادىشاھ ئويلىغانلىرىنى بوۋايغا ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ پىلانلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتىكەن. لېكىن «ئۆز ئۇ-يۇمىنىڭ بوشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ خوشلۇقى»، «ئۆگكۈر بول-سىمۇ ئۆيۈم خوپ، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم خوپ» دېگەندەك، ئادەم يوق تاغدىكى بولسىمۇ ماڭا ئۆز بېغىم خوپ، ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، شەپقەتلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، شۇ خالىي بېغىمغا كېتىۋالاي، ئۆزلىرى قاچاندا بارسىلا قولۇم كۆكسۈمدە. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل، مولچىلىق قىلىۋېتەي، بولسا كۈندە بې-رىپ بىمالال ھۇزۇرلانغايلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ بوۋاينىڭ كەڭ قورساقلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپتۇ ۋە ئۇچ - تۆت ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى:

— ئەي جېنىم بالام! دەرۋەقە پادىشاھلارنىڭ نىيەت-ئىقبالى-نىڭ قانداق بولۇشى شۇ مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. پادىشاھ باغۋەن بوۋاي تاغ باغرىدا مېڭىپ مۇشەققەتتە بىنا قىلغان باغنى كۆرۈپ خۇشاللانغان چېغىدا بىر تال ئانادىن بىر قاچا سۇ چىققان بولسا، پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇ-زۇلۇشى بىلەن ئۈچ تال ئانارىدىنمۇ بىر قاچا سۇ چىقمايدۇ. چۆ-چەكتە مانا مۇشۇنداق دېيىش ئارقىلىق، پادىشاھ نىيىتى بۇزۇ-لۇشنىڭ پۇقرالار تۇرمۇشىغا قانچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىدى-غانلىقىنى ئوچۇقلۇق يورۇتۇپ بەرگەن.

بىلقۇتجان قايىل بولۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ چۆچەك بىزگە شاھلارنىڭ كەڭ قورساق بولۇشىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن بۇ چۆچەكتىن خېلى زور نەپكە ئېرىشتىم.

— ئۇنداق بولسا، ئاخىرقى بىر چۆچەك قالدى، شۇنىڭغا دىققەت قىلىپ بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پادىشاھنىڭ ھېكايە خۇمارى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈندە بىر يېڭى ھېكايە ئاڭلىمىسا، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كۆڭلى غەش بولىدىكەن، چىرايى ئېچىلمايدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ خەلقىمۇ پادىشاھقا مايىللىشىپ ھېكايە ـ چۆچەككە خۇشتار ئىكەن. شۇڭا، كۈندە بىرى نۆۋەتلىشىپ كېلىپ پادىشاھقا يېڭى ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ، ئىنئام ئېلىپ قايتىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ چاغدا، بۇ يۇرتتا پادىشاھ ئاڭلىمىغان بىرەرمۇ يېڭى ھېكايە قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كونا ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ھېكايىچىلەرگە قايتا ئىنئام بەرگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئىچى ئاداپ، ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ. ئاخىر كۆڭلىگە بىر غەرەزنى پۈكۈپ، پادىشاھنىڭ خالىي قېلىشىنى كۈتۈپتۇ.



بىر كۈنى ھېكايىچىلەر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا پادىشاھ ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، مۈگدەپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ۋەزىر ھېكا-

يىچىلەرنى قول ئىشارىسى بىلەن قايتۇرۇۋېتىپ، پادىشاھنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— ھە، ئاخىرىسى قانداق بولدى؟ — دەپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ قارىسا ئەتراپىدا ھېكايىچىلەر يوق، ۋەزىر يالغۇز ئولتۇرغىدەك:

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلى بىلەن خالىي مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش چىقىپ قې-لىپ، ئۇلارنى مەن كەتكۈزۈۋەتكەن، — پادىشاھ ھەيران بولۇپ قاراپتۇ. ۋەزىر چاققانلىق بىلەن:

— ئۇلۇغ شاھىم، مەن سىلىنى كونا ھېكايىنى ئاڭلاۋەرمەي، يېڭى ھېكايە ئاڭلامدىكىن دەپ شۇنداق قىلغانىدىم، — دەپتۇ خۇشامەت بىلەن، — مەن زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدى-غان بىر چارىنى ئويلاپ قويدۇم، ئەگەر سىلى قوشۇلسىلا سىلىمۇ كۈندە يېڭى ھېكايە ئاڭلايدىلا ھەم خەزىنىڭگىمۇ زىيان بولمايدۇ.

— ئۇ قانداق چارە؟

— بىز: «ھەر كىم يالغان ھېكايە ئېيتىپ پادىشاھنى قايىل قىلالىسا، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمىز. ئە-گەر قايىل قىلالمىسا مۇكاپات بەرمەيمىز» دەپ يۇرتقا ئېلان چى-قىرىمىز. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىچىلەر يېڭى ھېكايى-لەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىز گەپنى بىر قىلىۋېلىپ، ھەرقانداق ئەقىلگە سىغمايدى-دىغان يالغان ھېكايىلەرنىمۇ



راستقا ئايلاندۇرۇۋېتىمىزدە، ھېچكىم ئىنئامغا ئېگە بولالمايدۇ، سىلىنىڭ تەلەپلىرىمۇ ھەل بولىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى ئوردىغا يىغىپ مەقسىتىنى ئاشكارىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنىڭ گېپى بىر بولۇپتۇ. ئاندىن يۇرت-يۇرتلارغا جارچى ماڭغۇزۇپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانى چىققان كۈنىلا، پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئالتۇنغا قىزىققان مەدداھلار، قىسسەچىلەر، گەپدانلار بىر - بىرلەپ پادىشاھ ھۇزۇ- رىغا كېلىپ، ئۆزلىرى ئاڭلىمىغان، ئويلىمىغان، كۆرمىگەن ئاجا- يىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ پادىشاھقا ئېيتىپ بې- رىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھېكايە ئاڭلاش خۇمارى پەس- كويغا چۈشۈپتۇ. لېكىن پادىشاھ سۆز ئاچقۇچە ۋەزىر - ۋۇزرالار ئالدىدىن كېلىشىۋالغىنى بويىچە، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ يالغان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولۇشىغا، بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز سىنى يالغان ھېكايە ئېيتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاراپ ئولتۇرساق، ھەممىسىنى مېنىڭ چوڭ دادام قىلغان ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرىسەنغۇ، — دەپ يالغان ھېكايىنى راستقا ئايلاندۇ- رۇپ، ھېكايە ئېيتقۇچىنى شەرتنى ئورۇندىيالمىغان قىلىپ قو- رۇق قول يولغا سېلىشىدى- كەن.



كۈنلەر يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك يالغان ھېكايە ئېيتىش بىلەن، پادىشاھ ئۆ- زىنىڭ ھېكايە خۇمارىنى پە-

سەيتىش، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار يالاق يالىشىپ، يالغاننى ھە ـ ھۇ دەپ راستقا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتتا ھېچ قانداق بىر يالغان نەرسە قالماي ھەممىسى راست بولۇپ چىقىپ ـ تۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە يالغان ھېكايە ئېيتىش سەكسەن ياشتىن ھالقىغان بىر بوۋايغا كەپتۇ. ئۇ، قاردەك ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ، ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

ــ مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدىم. مانا ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا، سىلەرگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىد ـ مەن دەپ ئولتۇرۇپتىمەن، ــ دەپ ھېكايىنى باشلاپ، جەھەننەمدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى، دوزاخنىڭ ئازابىنى ھېكايە قىلىپ پۇ ـ تۈنلەي يالغان سۆزلىگەن بولسىمۇ، ۋەزىرلەر بىر ـ بىرىگە قارى ـ شىۋېلىپلا:

ــ راست ئېيتىسەن، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاتا ـ بوۋى ـ مىز سېنىڭ ئۆلۈمۈڭگە قاتناشقان، سەن ئۇ دۇنياغا ياش كەتكەچ ـ كە، بۇ دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى ئاز كۆردۈڭ، ئەمدى سەن پادىشاھ ـ نىڭ ۋەدە قىلغان دۇنياسىغا قىزىقىپ، بۇ دۇنيانىڭ پەيزىنى سۇ ـ



رۇش ئۈچۈن قايتا تىرىلـ ـ دىڭ. ئۇ دۇنياغا بىز بارمىـ ـ دۇق. سەن شۇ ساقىلىڭنى سۆرەپ يالغان ئېيتمايسەن. ئۇنىڭ يالغىنى يوق. سەن ئېيتقان ئۇ ئىشلارنى بىزمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆرۈپ كېلەرمىز، — دەپ بوۋاينى بىر ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەن قىلىپ يولغا ساپتۇ.

بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن بوۋاي، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئىنئامىنى ئېلىپ خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولغان پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، قالغان ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرۇلۇق غەم ـ ئەندىشىگە چۆكۈپ، ئورنىدىن چىققان پېتىچە قايان بېرىشىنىمۇ بىلمەي بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئاپتۇ. بوۋاي شۇ ماڭغىنىچە تاكى كەچ كىرىپ، تاڭ ئاتقىچە مېڭىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بوۋاي بىر يايلاقتا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئالدىدىن بىرى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، سەپىرىڭىز قايان؟ — دەپ سالام بېرىپتۇ.

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئون بەش، ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. بوۋاي نەگە بېرىشىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بالا يەنە ئىچكىرىلەپ سوراپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ دەردىگە داۋا بولالمايدىغانلىقى كۆرۈپ:

— بالام، سەن يولۇمنى توسما، مەن ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرەي، — دەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:





— بوۋا، كونىلار: «بىر چوڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بىر كىچىكنىڭ» دەپتىكەن. نې-مىلا بولسا باشلىرىڭغا كەلگەن دەردنى ئېيتىپ باقسىلا، — دەپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ ئو-رۇنلۇق سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە تەرسالىق قىلغۇسى كەلمەي، بۇ تەرەپكە يول ئېلىپ كېلىشىدىكى سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بالا بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ۋاي - ۋۇي بوۋا، مۇشۇ ئىشقا شۇنچە غەم قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بوۋا، ئەگەر باشقا زۆرۈر ئىش-لىرى بولمىسا بۈگۈن مېنىڭكىدە مېھمان بولسىلا، مەن سىلىنى مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەي.

بوۋاي ئۇنىڭ قانداق دانا تەدبىرى بارلىقىنى سوراپتىكەن، بالا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. بوۋاي خۇ-شاللىقتىن توختىماي باش لىڭشىتىپتۇ. بوۋاي بىلەن بالا ئەتىسى سەھەردە قويلارنى ھەيدىگى-نىچە پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئوردا ئال-دىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇلارنى توسۇپتۇ. بوۋاي بى-لەن بالا پادىشاھقا يالغان



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





ھېكايە ئېيتىپ بەرگىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار قويلىرىنى قويۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ. قويچى بالا بۇنداق قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. ياساۋۇل ئامالسىز ئوردىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشاھ گەپكە قېلىشتىن قورقۇپ ئۇلارغا رۇخسەت بېرىپتۇ. ئىچى تار ئۇلۇغ قول ۋەزىر:

— ئوردىغا قوي ھەيدەپ كىرسە قانداق بولغىنى، — دەپتىكەن. پادىشاھ:

— ئۇ ماڭا تولىمۇ سادىق ئوخشايدۇ، ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، قويلارنى جاڭگالدا تاشلاپ كەلگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

قويچى قويلىرىنى ھەيدەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپ، ھېكايىسىنى ئېيتىشقا دەۋەت قىلىپتۇ. بۇ چاغدا:



— سىلىگە گۇۋاھچىلار تەييار ئىكەن. ئۇلار يالغانىنىمۇ راستقا ئايلاندۇرۇشىدۇ. شۇڭا بىزگىمۇ گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن شەھەر پۇقرالىرىنى يىغىپ بەرسىلە، —

دەپتۇ، پادىشاھ قويچىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ:
— قېنى، ھېكايەڭنى باشلا، — دەپتۇ.
— پادىشاھىم، ئارىلىقىمىز يىراق بولۇپ قالدى. گەپنى ئې-
نىق ئاڭلىماي قالدىلا، شۇڭا، يانلىرىدا ئولتۇرغانلاردىن ئىككى-
سى بىزنىڭ ئورنىمىزدا تۇرۇپ قويلارنى توسۇپ تۇرسۇن، — دەپ-
تۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپ، يېنىدىكى ئادەملەردىن ئىككىنى قويلار-
نى توسۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.
قويچى بىلەن بوۋاي پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇلار
كېلىشىۋالغىنى بويىچە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:
— مەن ئەسلى بىر زەرگەر باي ئىدىم. دۇنيالىقتا ئۈچ ئوغۇل
يۈزى كۆردۈم. ئۇلار ئەقلىگە كىرگىچە يېمىگەننى يېگۈزۈپ،
كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ باقتىم. ئەقلىگە كىرگەندە مەندىن كې-
يىن قالسا ئەل ئىچىدە خار بولۇپ قالمىسۇن، دەپ، بىساتىمنىڭ
تەڭ يېرىمىنى خەجلەپ ئۇلارنى ئوقۇتتۇم، ئۇلار بىلىمدە شۇنداق
كامالەتكە يەتتىكى، ھەر بىرى پادىشاھ بولغۇدەك ياكى ئايرىم يۇرت
سورىغۇدەك كامالەتكە يەتتى. لېكىن مەن ئوغۇللىرىمنى ئۇنداق
رەھىمسىز، ئىنساپسىز، قارا نىيەت بولار، دەپ ئويلىمىغانىكەن-
مەن، ئۇلار ئوقۇشنى تا-
ماملاپ، ماڭا ھاجىتى چۈش-
مەيدىغانلىقىنى بىلىشتىمۇ
قانداق، بىر كۈنى ئۇلار مې-
نىڭ ئالدىمغا كىرىپ:
— ئاتا، ئۆمۈرلىرى



uyghurkitap.com



بىر يەرگە بېرىپ قالدى. كۆزلىرىنىڭ ئۇچۇقىدا مال ـ مۈلۈكنى بىزگە تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، بىزنىڭ كېيىنلىكىمىزدىن خا-تىرجەم بولمامدىلا. بىز سىلىنى يەنە ئوخشاشلا كۈتىمىز، دېدى، مەن ئۇلارغا ئىشىنىپ دېگىنىنى قىلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار كەلمەس بولدى. مەن «ئۇلار بىتاپ بولۇپ قالغان بولسا، مې-نى يوقلاپ كېلەلمەي قالغان ئوخشايدۇ» دەپ چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم، ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ماڭ كەت دىۋانە، ساڭا بېرىدىغان كۆيۈك نېنىم يوق، — دەپ ئىشىكنى ئالدىدىن ھەيدىۋەتتى.

مەن بۇ ئەلەمدىن، يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئېگىز كېلىپ، كىچىك ئوغۇللىرىمنى ئىزدەپ بار-دىم. ئۇلار ئاكىسىدىنمۇ ئۆتە ئىنساپسىز، مۇناپىقلار ئىكەن. شۇ-نىڭدىن ئېتىبارەن مەن ئىگە ـ چاقىسىز قېلىپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن. خۇدا، مېنىڭ بېشىمغا سالغان كۈننى باشقا بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن، — دەپ سۆزىنى توختە-تىپتۇ. پادىشاھ:

— شۇ ئوغۇللىرى ھا-زىرمۇ بارمۇ، نېمە ئىش قى-لىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، ئۇلار پادىشاھ-نىڭ قول ئاستىدا ئىشلەي-دۇ، — دەپتۇ بوۋاي.



— كىملەر ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— چوڭ ئوغلۇم، مانا بۇ ئوڭ قول ۋەزىر، قالغان ئىككىسى ئەنە قويلارنى تۇسۇپ تۇرغانلار شۇ، — دەپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئوڭ قول ۋەزىر بوۋاينىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە تەگكەنلىكىدىن، خەلقئالەم ئالدىدا ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى ئويلاپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇ ئۆلمىگەن قېرى يالغان ئېيتىپ، بوھتان چاپلاۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇنداق ئاتام يوق! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

قوي تۇسۇپ تۇرغانلارمۇ بوۋاينىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى دەپ چالۋاقاپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي:

— خوش، ۋەزىر ئەزەم، يالغانغا قايىل بولدىڭىزمۇ، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ.

نۆۋەت قويچى بالىغا كەپتۇ. ئۇ ھېكايىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرى پادىشاھتىن:

— پادىشاھى ئالەم، ھەر بىر يالغان ئۈچۈن قىلىغان ۋەدىلىرىنى ئادا قىلىسىلا مەن ھېكايەمنى باشلاي، بولمىسا بوۋامغا تەئەللۇق ئىنئامنى بەرسىلە كېتىۋالايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. بالا ھې-



www.uyghurkitap.com



كايىسىنى باشلاپتۇ.

— مەن ئاتام بىلەن ئانامدىن ئۈچ ياش چېغىمدا يېتىم قال-
غان. شۇ كۈندىن باشلاپ قوي بېقىشقا باشلىدىم. ھازىر قىرىق
بەش يىل بولدى، بۇ جەرياندا مەن ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن، —
دېيىشىگە، پادىشاھ:

— يالغان، سەن ئەمدى ئون بەش ياشقا كىرىپ، مەندىن قى-
رىق بەش يىلنىڭ ھەققىنى ئالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ مەن ساڭا
ھەق بەرگەن، ئۇ ھەقلەر ئۆزۈڭنىڭ يوقاتقان قويلىرىڭنىڭ ئور-
نىغا تۇتۇپ قېلىندى، سەن بۇنى يالغان سۆزلەپ يوققا چىقارماق-
چى بولۇۋاتىسەن، — دەپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر پادىشاھنىڭ قىلمىشىنى راست دېيىشكە پې-
تىنالماي ھەممىسى تەڭلا:

— يالغان، پادىشاھقا بوھتان چاپلاۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپ-
تۇ. شۇ چاغدا بالا:

— پادىشاھى ئالەم، مەن يالغان ھېكايە ئېيتسام ۋەدىلىرىدە
تۇرىمەن، دەپ خەزىنىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىلا. ئەڭ ياخشىسى
بىزنى يولغا سېلىۋەتسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەدىسىگە ئا-
ساسەن، بالا بىلەن بوۋايغا
بېرىدىغان ئىنئامنى بېرىپ-
تۇ. بالا شۇ سورۇننىڭ ئۆ-
زىدە ئالتۇن - كۈمۈشنى
خالايىققا تارقىتىپ بېرىپ-



تۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ، نېمە ئۇچۇن شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغانىكەن:

— بۇ ئالتۇن - كۇمۇشلەر، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھالال نېسىۋىسى ئىدى. سىلى دىللىرىدىن پاكلىق، ساپلىقنى يوقىتىپ، پۇقرالارنى ئالداشقا يۈزلەندىلە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەقىللىرىنى تېپىپ، ئۆز ئەقىللىرى بويىچە ئىش كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپ پادىشاھنىڭ سىرىنى ئېچىۋېتىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دانىشمەنلىك قىلىمەن، دەپ يامان غەرەز بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ ئىشنى بۇزغان ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپتۇ. قويچى بالىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت يەنە ئەسلى ئىزىغا چۈشۈپ، ئەلمۇ خاتىرجەم بولۇپتۇ. پادىشاھمۇ پاراكەندە بولماي ياخشى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم ياشاپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «يالغاننى ئېيتىۋەرسە راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاش جەريانىدا ئاغزى يۇمۇلماي كۈلۈپ چىقتى. ئەخمەق پادىشاھنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى، بوۋاي بىلەن بالىنىڭ ئۆز يېنىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق پۇقرالارنى زالىم پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئۇنى تولىمۇ



سۈيۈندۈرگەن ئىدى.

— جېنىم بوۋا، — دېدى ئۇ قورسىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى، قورسىقىم مۇجۇپ ئاغرىپ چىدىيالمايلا قالدىم، — دېدى ئۇ قىينىلىپ، — نېمىدېگەن قىزىق چۆچەك بۇ! نېمىشقا بۇرۇنراق سۆزلەپ بەرمىگەن بولغىيدىڭىز.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكتىكى ۋەقەلەر يادىغا كەلگەن ھامان يەنە قېقىلىپ كۈلۈشكە باشلايتتى.

مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— كونىلاردا «ئەخمەقنى تېرىمىسىمۇ ئۈنەر» دېگەن گەپ بار. بۇ چۆچەكتىكى پادىشاھ دەل ئەنە شۇ ئەخمەقلەر قاتارىغا كىرىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىخۇمارلىقىنى بېسىش ئۈچۈن خەلققە ئېيتقۇسىز زۇلۇم سالدى، ئالدىغا كەلگەنلەرنى يەتكۈچە خارلىدى ۋە رەسۋا قىلدى. ئاخىردا بوۋاي بىلەن زېرەك بالا ئۇنى راسا بابلىدى. بۇ چۆچەك بىزگە ناھايىتى زور تەربىيە بېرەلەيدۇ. بالام، بۇ چۆچەكنى ياخشىراق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىبرەت ئالغىن. توغرا يولدا مېڭىپ، ھالال، خەلققە پايدىلىق ئىش بىلەن مەشغۇل بولغىن، ئالدى بىلەن باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈشنى، ئەلنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىن. شۇنداق قىلساڭ، ياخ-



شىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىسەن، جەمئىيەتتە ئابرۇيۇڭ بولىدۇ، بەختلىك، خۇشال-خۇرام ياشايسەن. بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت بالام...!

— خاتىرجەم بولۇڭ، بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي نەسىھەتىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مانا شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلار توغرىسىدىكى چۆچەكلىرىم ئاخىرلىشىپ قالدى. بۇ چۆچەكلەر ساڭا قانچىلىك مەنپەئەت يەت-كۈزدى، بۇنىسىنى بىلمەيمەن، لېكىن ھەر ھالدا خېلى مېغىزلىق چۆچەكلەردىن ئېيتىپ بەردىم. بۇلارنى كېيىنكى ھاياتىڭدا ئۆر-نەك قىلىپ، توغرا ياشاش يولىنى تېپىۋالارسەن.



كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى
تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەيۇم تۇرسۇن
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام) مەخمۇتجان (رەسسام)
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

# 教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# ئادىل پادىشاھ

# 文帝

## Adil padishah


01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۆلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گۈل چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھۇرۇن
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۇر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك كۆل
24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ



شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى 新疆碧利库特公司开发

ISBN 978-7-900511-10-2

9 787900 511102

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）